

# ئەلىشىر ناۋائىينىڭ بالىلىق دەۋرى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئايبېك

# ئەلىشىر ناۋائىينىڭ بالىلىق دەۋرى

(پوۋېست)

ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت شانىياز

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب ئۆزبېكىستان «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 - يىلى نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据乌兹别克斯坦《青年近卫军》出版社一九七九年第一版第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ت. پەخىردىن
زەينەپ مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى: مەريەم ئابدۇرېھىم

# ئەلىشىر ناۋايىنىڭ بالىلىق دەۋرى

ئايبېك (سوۋېت ئىتتىپاقى)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت شانىياز

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ پ:830002)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.5
1993 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 7—5371—1414—9/I·514
سانى: 1 — 1600
باھاسى: 1.50 يۈەن

# كىرىش سۆز

ئەلىشىر ناۋايى — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، مەشھۇر شائىر، ئاتاقلىق ئەرباب. ئۇ مىلادى 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھىرات* شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 60 يېشىدا شۇ شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسى مەرىپەت ئەھلى بىلەن يېقىن ئالاقىدە ئىدى، شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلگەن. ئۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئادىمىگە ئايلانغان، ئاساسىي ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شېئىرىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان.

ئەلىشىر ناۋايى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» دا يازغان. ئۇ، بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن بىللە پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەنمۇ كەڭ تونۇشقان. ئۇ، ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇخىل ژانىر ۋە شەكىللىرىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ پارلاق ئۈلگىلەرنى

*ھىرات شەھىرى — ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە.

ياراتقان. ئۇنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى»، «دىۋان فانى»، بەش پارچە يىرىك داستانىدىن تۈزۈلگەن «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ يەنە داڭلىق نەزەرىيىۋى ئەسەرلەردىن «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «ھالەتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»، «مەجەلىسۇن نەفائىس»، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن»، «سىراجىلمۇسلىمىن»، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» لەرنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

تەھرىردىن

تارىخ سوقماقلىرى يولى ئېگىز ــ پەس،
ھەر زەررە شىۋىرلار، ئۆلتۈر بىر نەپەس.
قۇشلارتىلى پىرى ــ يورەكتە تىلەك،
ئىزدەيمەن جاۋاھىر قولۇمدا ئەگلەك.

ئايبېك

يورۇق، ئازادە مېھمانخانىدىكى يېڭى گىلەم ئۈستىدە مېھمانلار ۋە دوستلار زىچ دائىرە قۇرۇپ، ئاجايىپ چېچەنلىك بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى، چوڭ يۇڭ داستىخانغا پىستە ـ بادام، مېغىز، ھەسەل ۋە ھالۋا قويۇلغانىدى. مېھمانلار يەپ ئىچىشەتتى ۋە تۈرلۈك قىزىقارلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. سورۇندا سۆھبەت بىردەممۇ ئۈزۈلمەيتتى.

غىياسىددىن كىچىك كەمتەر، خۇش پېئىل، يارىشىملىق قىسقا ساقىلى بار، جۇغى كىچىك كىشى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى غىياسىددىن كىچىك دەپ ئاتاشسا، يېقىن دوستلىرى كۆپىنچە كىچىك باتۇر دەپ ئاتىشاتتى.

خۇراسان ئۆلكىسىدە مالىيە ئىشلىرى بويىچە مۇھىم مەنسەپ تۇتقان ھەمىدە يەم ـ خەشەك ھاكىمى بولغان غىياسىددىن كىچىك يۇكسەك غايىلىك بەگ ئىدى. ئۇ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىنى كېزىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ زەڭگەر ئاسمانلىق، سۆيۈملۈك شەھىرى ھىراتنى

تىكى قورۇسىغا قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ قورۇ ھىراتنىڭ
شەرقىي - شىمال تەرىپىدىكى بۆك دەرەخلىك، خۇش
ھاۋالىق يەرگە جايلاشقان.

خىزمەتكار ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان پارقىراق مىس
ساماۋارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، چەينەككە خۇش پۇراق چاي
دەملىدى، كېيىن ئۇنى خوجايىنىغا ھۆرمەت بىلەن ئۇزاتتى-
دە، يەڭگىل قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى. غىياسىدىن
كىچىك خۇددى پىياز پوستىدەك نېپىز، ئاجايىپ نەپىس
جۇڭگو پىيالىلىرىگە چاي قۇيۇپ دوستلىرىغا بىر-
بىرلەپ تۇتتى.

سورۇندا ئىلگىرى لەشكەر بېشى بولغان سەكسەن
ياشلاردىكى بىر بوۋايمۇ بار ئىدى. بوۋاي قوشۇمىسىنى
تۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم يۆتەلگەنىدىن كېيىن، ۋەزمىن
ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى. ياش ۋاقتىدا تۆمۈرنىڭ
جەسۇر، مەرد جەڭچىسى بولغان بۇ پېشقەدەم لەشكەر
بېشىنىڭ يۈزىدىكى قايغۇ ئىپادىسىنى شۇ تاپتا ھەممەي-
لەن ئوچۇق كۆرەتتى ۋە چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

— خۇراساننىڭ ئەھۋالىغا بىر نەزەر تاشلاڭلار،
بىلمىدىم، ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن! تۆمۈر ھەزرىتىم
قۇرغان دۆلەت پارچىلىنىپ كەتتى. تۆمۈردىن كېيىن
شاھزادىلەر ئۇزاققىچە جەڭدىن قول ئۈزمىدى، ھەمىشە
ئۆز نەپسىنى ئويلىدى. ھەممىسى تەختنى ئۆزى ئىگى-
لەشنىڭ كويىدا بولدى. ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ
تۇرغان ئەڭ كىچىك شاھزادىلەرمۇ ھۆكۈمدار بولسامەن
دەيدۇ. ھەممىسىنىڭ مەقسىتى شۇ، ھېچقانداق ئەقىل
ئىگىسىنىڭ ئويلايدىغان ئىشى ئەمەس بۇ. دۆلەت پار-

چىلىنىپ كەتسە، خەلق ئازاب دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. ئالدىمىزدىكى پاجىئە مۇشۇ، دوستلىرىم. بۇ ئەھۋال مېنى بارغانسېرى ئەندىشىگە سالماقتا. تۆمۈر خاقانىنىڭ تەن-تەنىسىنى كۆرگەن بىزدەك قېرىلارنىڭ بۇنداق بەخت-سىزلىككە چىداپ تۇرالىشى بەكمۇ قىيىن. بۇ دەھشەت-لىك ئاپەتنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەش — ھەم-مىمىزنىڭ بۇرچىمىز.

سورۇننى بىرنەچچە دەقىقىغىچە قويۇق تۇماندەك جىمجىتلىق قاپلىدى. قېرى لەشكەر بېشىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان بەگلەردىن بىرى سوۋۇپ قالغان چاينى تېز - تېز ئوتلىدى - دە، پىيا-لىنى داستىخانغا قويدى. بېلىگە خەنجەر ئاسقان. بېشىغا سۆسەر تەلپەك كىيگەن، دوغىلاق گەۋدىلىك بۇ بەگ ئاۋۋال شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ قويدى، كېيىن قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرىپ، كىچىك كۆزلىرىنى قېرى لەشكەر بېشىغا تىكتى:

— ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، تەقسىر. ئۇلۇغ خاقانىمىز تۆمۈر ئالەمدە تەڭداشسىز كىشى ئىدى، نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىگەنىدى. لېكىن ھەزرىتى شاھرۇھ جەڭ بورىنى چىقىرىپ، قان دەرياسى ئاققۇزۇپمۇ، خۇراساندا تەرتىپ ئورنىتالمىدى، تۆمۈر دۆلىتى پارچىلىنىپ كەتتى. ئەمدى ھەزرىتى شاھرۇھ قېرىدى. شۇڭا شاھزادىلەر يەنە ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالسا، ئۇرۇش ئوتى يېقىلىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمىز. لېكىن، تەقسىر، خاتىرجەم بولغايلا. تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان ئۇلۇغبېك ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ مۇبارەك ئورنىغا مۇناسىپ خاقاندۇر، ئۇ ئىلىم - مەرىپەت

مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگۈسى. ئارتۇقچە شۈبھىلىنىپ ئىزتىراپ چەكمىگەيلا.

گەپىنىڭ ئۇلۇغبېك ئۇستىگە كۆچكەنلىكىدىن خۇشاللانغان مىرسەئىد سەۋرسىزلىك بىلەن سۆز نۆۋىتىنى كۈتەتتى. بەگىنىڭ گېپى ئاياغلىشىشى بىلەنلا مىرسەئىد دەرھال سۆز ئالدى. ئەللىك ياشلاردىكى بۇ كىشى ئەلشىرنىڭ تاغىسى بولۇپ، تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىپ شۆھرەت قازانغان كابۇلى تەخەللۇسلۇق شائىر ئىدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان ئاق دوپپىسىنى بېشىدا بىر ئايلاندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— جانابلار، ئۇلۇغبېك ھەزرەتلىرى جاھاندا تېپىلغۇسىز بىلىملىك كىشى. بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلەنسەك بولىدۇ. ئۇنىڭ رەسەتخانىسى دۇنيادا مەشھۇر. مەن سەمەرقەنتكە قىلغان سەپىرىمدە رەسەتخانىنى كۆرۈپ ئەقىل - ھوشۇمنى يوقاتقۇدەك بولدۇم. ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا ئاياغ بېسىۋېتىپ: يائاللا، بۇ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بۆشۈكىمىدۇر، دەپ قالدىم. ئاخىرى تەڭرىمگە بىھېساب شۈكرى ئېيتتىم. بارلىق شائىرلارنىڭ ئىشقى چۈشكەن سېھىرلىك ئاسمان بىلەن يۇلتۇزلار دۇنياسىنى سەيلە قىلىشقا، ئاجايىپ سىرلاردىن خەۋەردار بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. كېيىن ئۆزۈمنى تۇتالماي بۇ بۈيۈك زاتنىڭ ئەقلىنى، دانىشمەنلىكىنى، كارامەتلىرىنى تەرىپلەپ، ئېسىل تۈركىي تىلىمىزدا بىر مەدھىيە يېزىۋەتتىم.

غىياسەددىن كىچىك كۈلۈمسىرىدى:

— مۇھەممەت تاراغاي ئۇلۇغبېك ھەزرەتلىرى كاتتا پادىشاھ، ئۇنىڭ ئىلمىدىكى كەشپىياتى ناھايىتى

چەكسىز. ئۇنىڭغا ھەتتا ئەرەبلەر ۋە يۇنانلارنىمۇ تەڭداش تېپىلمايدۇ. ئەپسۇسكى خۇراپات بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن، كۆزلىرىدىكە غەپلەت پەردىسى تارتىلغان بىر گورۇھ خائىنلار باركى... ھەزرىتىمنى پەرۋەردىگارىم ئۆزى ساقلىسۇن ...، — غىياسىدىن كىچىك ۋەھىمىلىك خىياللاردىن ئەندىككەندەك بىردەم سۈكۈتكە چۆمدى، — شائىرلار، ئالىملار، ئۆلىمالار ئارىسىدىكى بىر گورۇھ ئەشەددىي غاپىللار سەمەرقەنتتە چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، پالان – پۇستان دەپ پىتنە تارقىتىپ، شاھنىڭ ئابرويىغا نۇقسان يەتكۈزمەكتە. ئۇلار خاتالىشىۋاتىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن! سۇلتان ئۇلۇغبېك ئۆزىنىڭ رەسەتخانىسىدا ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بىر ئېگىز گۈمبەز ياسىتىپتۇ. ئۇ شۇ گۈمبەزدە تۇرۇپ، يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ باسقان يولىنى، ۋاقتىنى، قائىدە – قانۇنلىرىنى يېزىپ تۇرىدىكەن، يەنە تېخى ئاجايىپ بىر جەدۋەل تۈزۈپ، ساما سىرلىرىنى ئاشكارىلاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتىمنىڭ ئەقىل – ئىدراكتا كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

— ئۇلۇغبېك ھەزرىتىم ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئىلمىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى ئاددىي كىيىنگەن، ئورۇق، ئەللىك ياشلاردىكى كىمياگەر مۇرات داموللا، — ھەزرىتىم ھەقىقىي ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىلىمدە كەشپىيات يارىتىپتۇ، ئىلمىي رىيازىيات (ماتېماتىكا) دىمۇ كامالەتكە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى. ئۇ دۆلەتنىڭ ئىشىنى ھەممىدىن ئەلا ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ

ئالدىدا ھېسابسىز قىيىنچىلىقلار بار. دۆلەتنى باشقۇرماق ئاسان ئەمەس.

— ئىلىم گۆھىرىنى تاپقۇچى مۇھەممەت تاراغاي ئۇلۇغبېك، — دېدى كەڭ، ئاددىي كىيىم كىيگەن، چوڭ كۆك سەللە ئورىغان بىر كىشى پەس ئاۋاز بىلەن، — ئىلمىي نۇجۇمدا ۋايىغا يېتىپتۇ. ھەزرىتى ئۇلۇغبېك ئىلىم دۇنياسىدا مەڭگۈ ئۆچمەس كەشپىيات ياراتقان ئالىمدۇر. مېڭىسىگە ئىلىم - مەرىپەت مۇجەسسەملەنگەن بۇ زاتنىڭ نامى تارىخ كىتابلىرىمىزدا ئەبەدىي يارقىن يۇلتۇز بولۇپ قالغۇسى، — ئۇ سورۇن ئەھلىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويدى.

شۇ ئەسنادا ھەممەيلەننىڭ ئىشىك تەرەپكە ئاغقان كۆزلىرىدە بىردىنلا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. شوخ ئەلشىر چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ پەگادا بىردەم توختىدى - دە، ھۆرمەت بىلەن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، قىزارغىنىچە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دېدى، كېيىن قاپقارا، يىلىلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئاتىسىنى كۆرگەن ھامان خۇشال بولۇپ، يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئەركىلىدى.

غىياسىدىن كىچىك بىر كىسىم ھالۋا ئېلىپ ئوغلىغا تۇتقۇزدى.

تۆت ياشلار چامىسىدىكى ئەلشىر چىرايلىق، نازۇك بالا ئىدى، تۇيغۇن كۆزلىرىدە چوڭقۇر ئەقىل نۇرلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا سىدام دوپپا، ئۈستىدە بەقەسەم تون، پۇتىدا خۇرۇم ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇ ھالۋىنى

يەپ تۇرۇپ سورۇننى ئەدەب بىلەن كۆزىتەتتى.

— ئاتتىنى ياخشى كۆرەمسەن، ئەلىشىر، — دەپ سورىدى بىر ھەربىي كىشى كۈلۈمسىرەپ.

— بەك ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ....— دېدى ئەلىشىر دادىسىغا قاراپ تۇرۇپ، — ئات چاپتۇرۇشتىن پىكىر يۈرگۈزۈش ياخشىراقمۇ دەيمەن.

سورۇن ئەھلى ھەيرانلىقتا قېتىپ قالدى.

— بارىكاللا، — دېدى قىرى لەشكەر بېشى، — بۇ ئوغۇلنى ئوقۇتۇڭ، موللا قىلىڭ، ئوغلىڭىز ئىلىم ئەھلى بولۇشقا لايىقكەن.

غىياسىددىن كىچىكنىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق نىيىتىمىز بار، ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىمىز. بالا زېرەك، بىراق بىرئاز شوخلۇقى بار.

— بالىنىڭ شوخى ياخشى، چۈنكى شوخ بالا ئەقىللىق بولىدۇ، ئەقىللىق ئادەم ئىلىمنىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ، — دېدى داموللا مۇرات.

دوغىلاقىنە بىر سودىگەر داموللا مۇراتقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ غودۇڭشىدى:

— سودا ئەھلىنىڭ سېپىگە كىرمەك ئۇلۇغ ئىش، سودىنىڭ خىسلىتى كۆپ؛ چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ داۋاسى ئالتۇن دېگەن گەپ بار. بالىنى ئوقۇتۇڭ، بېگىم، ئەمما ئالتۇننىڭ قىممىتىنىمۇ بىلدۈرۈڭ.

ھەربىي كىشى گۈرۈلدىگەن ئاۋازدا دېدى:

— ھەي، باتۇرلۇققا نېمە يەتسۇن، بۇ ئوغۇل باتۇر جەڭچى بولغاي! يىگىت دېگەن باتۇر بولسا

ھەممە نەرسىگە ئىرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىگەر - جابدۇق، ئوقيا ئىشلىتىشنى ئۆگىتىڭ، بەگ جانابلىرى!

- قېنى جىيەن، بىر غەزەل ئوقۇپ بەرگىنە، ئوقۇيالايسەنغۇ! - دېدى تاغىسى شائىر مىرسەئىد ئەلىشىرنىڭ يەلكىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ئەلىشىر دادىسىغا لاپپىدە قارىدى.

- ئوقۇ ئوغلۇم، ئوقۇ، ئىخلاس بىلەن ئوقۇ! - دېدى غىياسىدىن ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ.

ئەلىشىر پۇتلىرىنى يىغىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆكەردى چىمەن، گۈلزاردىم قېنى؟
زىبى سەرۋى بويلۇق نىگاردىم قېنى؟
تېپىپتۇ بۇ كەز ۋەسلى گۈل بۇلبۇل،
ۋادەرىخ، مېنىڭ نەۋ باھاردىم قېنى؟

سورۇندىكىلەر ھەۋەسلىنىپ، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئەلىشىر قىزىرىپ كېتىپ، بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

- مەۋلانا لۇتفى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ شېئىرىنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ، دادا؟

دادىسى خۇشاللىقىنى باسالماي ئىختىيارسىز ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

- شۇنداق، ئوغلۇم، مەنمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مەۋلانا لۇتفى ھەزرەتلىرى ناھايىتى قابىلى

يەتلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك شائىر. ئۇنى قانچە ئۇلۇغلىساق ئەرزىيدۇ.

سورۇندىكىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ ۋە ھەيران بولۇپ قالغانىدى.

— يارەببىم! — دېدى قېرى لەشكەربېشى ياقىسىنى تۇتۇپ، — كۆڭلىمىزنى نۇرغا تولدۇرغان بۇ چۇجىدىن قانداق بۈركۈت يېتىشىپ چىقاركىن؟ سېنى پەرۋەردىگارىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ئوغلۇم، ئامىن! — ئۇ قوللىرىنى يۈزىگە سۈركىدى.

مېھمانلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ، لەشكەر بېشىنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاشتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەلىشىرگە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشتى.

غىياسىددىن كىچىكنىڭ يۈزىدە مەمنۇنلۇق ئىپادىسى ئەكس ئەتتى. ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ رەھمەت ئېيتتى. ئەلىشىر ئاۋۋالقىدىنمۇ بەك قىزىرىپ، يەرگە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

مىرسەئىد ئەلىشىرنىڭ يەلكىسىگە مېھرى بىلەن قاقتى.

— بارىكاللا، جېنىم، بەختلىك بولغايسەن، — دېدى ۋە مېھمانلارغا يۈزلەندى، — جېنىم پارسچە شېئىرلاردىنمۇ نۇرغۇنلىرىنى بىلىدۇ، خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى، ئەقىل — پاراسىتى جايىدا. كەلگۈسىدە شېئىرىيەتتىمۇ، ئىلىم - مەرىپەتتىمۇ كامالەتكە يېتىشىدىگە ئىشىنىمەن، — ئۇنىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەتلىك ئىپادىسى پەيدا بولدى، — تۈركىي تىلدا چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا مەن

ساپ تۈركىي تىلىدا يازدىمەن. نۇرغۇنلىغان شائىرلار غەزەللىرىنى پارس تىلىدا يازىدۇ. پارس تىلى باي، گۈزەل تىل، لېكىن ئۆز تۈركىي تىلىمىزدىمۇ خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، نەپىس شېئىرلارنى يازغىلى بولىدۇ. مەۋلانا لۇتفىنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىلغان شېئىرلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ شېئىرلار دىللارغا نۇر بولۇپ قۇيۇلىدۇ.

شۇ ئەسنادا لەشكەرلەر چوڭ ـ چوڭ قەشقەر لېگەنلىرىدە كېيىك گۆشىدىن ئېتىلگەن قورداق كەلتۈردى. مېھمانلار قوزغىلىشىپ قايتىدىن ئىلگىرىكى ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى.

— مەرھەمەت، غىزاغا باقايلى،— غىياسىدىن كىچىك كەمتەرلىك بىلەن مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

تاماق ئۈستىدىمۇ سۆھبەت ئۈزۈلمىدى. پادىشاھ شاھرۇھنىڭ دىنغا بەكمۇ بېرىلىپ كەتكەنلىكى، شۇنداق بولسىمۇ ھەر ھالدا ئادىل ئىش قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭ بولدى.

ئەلىشىر تاغىسى تۇتقۇزۇپ قويغان سېمىز قوۋۇرغا گۆشىنى ئاستاغىنا يېگەچ، چوڭلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. كېيىن دادىسىغا نېمىنىدۇ پىچىرلىدى ـ دە، يەڭگىل قەدەم تاشلاپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شاھزادىلەر ئارىسىدىكى ئورۇشتا شاھرۇھ غالىب چىقتى. شاھرۇھ

تۆمۈر دۆلىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلىنىدىغان سەمەرقەنتنى ئوغلى ئۇلۇغبېككە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى ھىراتقا كۆچتى ۋە ئۇ يەردە گۈزەل بىر ماكان بەرپا قىلدى. ھىرات قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆركەم، ئاۋات بىر شەھەر بولۇپ قالدى.

— تۈركىستان دىيارىنىڭ يۈرۈك يۇلتۇزى ئۇلۇغبېك مىرزىغا سەمەرقەنتنى راۋا كۆردۇق، ھىرات بولسا دۆلەتنىڭ قۇياشى بولۇپ چاقنىسۇن. بۇ شەھەرنى ئوغۇللىرىمىزنىڭ بىرەرىگە تاپشۇرۇپ بېرەرمىز، — دەپ ماختىناتتى شاھرۇھ بەزىدە.

شاھرۇھ بەزىدە ئىسيان كۆتۈرگەن شاھزادىلەر بىلەن، بەزىدە چېكەتكىگە ئوخشاش باستۇرۇپ كەلگەن موغۇللار ۋە ئالتۇن ئوردا بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى ئۇزاق يىللارغىچە ئۆز قولىدا ساقلاپ كەلدى. ئەمدى ئۇ قېرىغان، مۈكچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما جەڭگە كىرسە ئىلگىرىكىدەكلا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتالايتتى.

شاھ ھەمىشە ئەمەلدارلار، جەڭدە پىشقان لەشكەر باشلىقلىرى ۋە بەگلەرنىڭ قورشاۋىدا تۇراتتى. ئۇ پات - پاتلا گۈل شەربىتى ئىچەتتى.

— جەمەتىمىز ئىچىدە نىزا پەيدا بولسا، دۆلەتتە تەرتىپ - نىزام بۇزۇلسا دەرھال جازا قىلىچىنى ئىشقا سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، — دەپ ناخۇش ئاۋۇشتا سۆزلەيتتى شاھ.

— ئازراق سەۋر قىلايلى، ئۇلۇغ شاھىم، پارسلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش خەۋپى بار، — دەپ سىلىق

ئاھاڭدا جاۋاب بەردى ۋەزىر.

شاھ بىرئاز سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. كېڭەش ئۇزاققا سوزۇلغانلىقتىن ھەممەيلەن چارچىغانىدى. شاھتىن ھېيىقىپ، ھېچكىم سۆزلەشكە پېتىنالمايتتى.

— سىياستىمىز شۇنداق... قورال - ياراقلار جەڭگە تەييارلانسۇن! — دېدى شاھ ئاخىرى كەسكىنلىك بىلەن.

ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇردى. پادىشاھ ئاستاغىنا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قەددى مۈكچەيگەن، كىمخاب توننىڭ ئېتەكلىرى يەرگە سۆرۈلۈپ قالغانىدى. ئاق شايى سەللىسىگە قادالغان چوڭ گۆھەر تاج پارقىراپ تۇراتتى. قول لىرىدا ئېسىل تاشلاردىن ياسالغان تەسۋى بار ئىدى.

ئۇ، ئىشىكنى ئېچىپ قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە تەزىم قىلىپ تۇرغان ئىشىك ئاغىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈپ، ئىككىنچى خانىغا كىردى ۋە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشقان بەگلەر، شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئالدىدا توختىدى:

— ئوھوي، سىزمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ، قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ تۇرغان ئابدۇللەتىپكە تىكىلىپ.

— مۇبارەك ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم، ھەزرەت بوۋا؛ سەمەرقەنت ياخشى، لېكىن غەۋغاسى كۆپ، — دەپ جاۋاب بەردى شاھزادە پەس ئاۋازدا يەرگە تىكىلىپ

تۇرۇپ.

ئەتراپتىكىلەر بىر - بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىشقىنىمۇ جۇرئەت قىلالماي جىمجىت تۇرۇشاتتى. شاھ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سورىدى:

— قانداق، ئوغلىمىز شاھ ئۇلۇغبېك ساق - سالامەتمۇ؟ كېلەرمىكىن دەپ يولىغا كۆز تىكتىم... سېغىندىم...

— خۇداغا شۈكرى، ئۇلۇغ ئاتام ساق - سالامەت، — دېدى شاھزادە ۋە كىمخاب تونىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈزىتىپ، ياقۇت قادالغان شايى سەللىسىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن، — ئۇ پەقەت يۇلتۇزلار بىلەنلا مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، — دەپ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى مەسخىرە ئىپادىسىنى ھەممەيلەن بايقىدى.

نەۋرىسىنىڭ ئورۇنسىز گەپلىرىدىن رەنجىگەن شاھ يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن «كېيىنچە ئالدىرىماي سۆزلىشەرمىز» دەپ قويۇپ، تۆرگە ئۆتۈپ تەختكە ئولتۇردى. شاھزادىلەر، بەگلەر شەيخۇلئىسلام، ئۆلىما، شەيخ ۋە لەشكەر باشلىقلىرى شاھنىڭ ئىشارىتىگە بويسۇنۇپ، ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە جايلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

شۇ چاغدا ئىشىك ئاغىسى شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى:

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، ھازىر جوڭگو ئەلچىلىرى، ئەرەبىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرى، تۈرك

ۋە ئالتۇن ئوردا بەگلىرى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە. ئىجازەت بەرگەيلا.

شاھرۇھ ئىشارەت قىلغان ھامان ئىشىك ئاغىسى ئارقىچە مېڭىپ ئىشىكنى ئاچتى. ھەرقايسى مەملىكەت ۋەكىللىرى ساراي ئەنئەنىسىگە خاس تەرتىپ بىلەن قوبۇل قىلىندى. تىجارەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ھەققىدە سۆھبەت بولدى. جۇڭگو ئەلچىلىرىدىن تاۋاقلار، توپ - توپ شايى، تاۋارلار، ئەرەب ۋەكىللىرىدىن مۇقەددەس خورما، زەمزەم سۇلىرىغا ئوخشاش سوۋغىلار قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھرۇھ قائىدىگە ئاساسەن ئورنىدىن تۇردى:

— رەھمەت، ئەزىز مېھمانلار ۋە جانابلار، — دەپ قوبۇلخانىدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى ئۇ، — بۈگۈن ئاخشام ھۇزۇرىمىزدىكى زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىلەر.

— ئەزىز مېھمانلار، ئاخشاملىققا زىياپەتكە كېلىڭلار! ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمەتى چەكسىزدۇر، — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ئىشىك ئاغىسى.

ئوردا خادىملىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى. شاھرۇھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، كىچىك خانىغا كىرىپ كەتتى.

※ ※ ※

نەقىشلىق دەرۋازىدىن كىرگەن كىشىگە ئەتراپى چىنار، ئالما، شاپتۇللار بىلەن ئورالغان ئىككى

قەسىر كۆرۈندۇ. بۇ، پادىشاھ جەمەتىدىكى ئاياللار تۇرىدىغان قەسىر.

پىششىق خىشتىن سېلىنغان قەسىرنىڭ ئۈستى گۈمبەزلىك كەڭ خانىسىدا قاتمۇ قات يىپەك كۆرپىلەر ئۈستىدە قېرى مەلىكە گۆھەر شاد ئايىم ئولتۇراتتى. ئۇ كەڭ، ئۇزۇن كۆك تاۋار كۆڭلەك ئۈستىگە يۇمشاق كىمخاب كەمزۇل كىيگەنىدى. بېشىدىكى چىرايلىق ئاق شايى رومال ئۈستىدە غۇژمەك - غۇژمەك ياقۇت، گۆھەرلەر قادالغان تاج بار ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاتار - قاتار مەرۋايىتلار، گۆھەرلەر، قەشقەر ھالقىلىرى، بىلەيزۈكلەر ۋە ئۈزۈكلەر بىلەن تولغان، يۈز - كۆزىگە سۈرمە، ئۇپا - ئەڭلىكلەرنى ئايىماي ئىشلەتكەن. پۈتكۈل جىسمى گۈل مېيى پۇرايتتى...

مەلىكىنىڭ ئەتراپىدا بەگزادىچىلار ئۆزلىرىگە خاس نازاكەت بىلەن ئولتۇراتتى. كېنىزەكلەر تەزىم قىلىشىپ ۋە ئەدەب ساقلاپ، ئاياغ تاۋۇشلىرىنى چىقارماستىن ئۆز ئىشلىرىنى بېجىرىشەتتى. ئابدۇللەتىپ مەلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سەمەرقەنتتىكى ھەرخىل يالغان - ياۋىداق غەيۋەتلەرنى، ئاتىسى ئۇلۇغبېكنىڭ سارىيىدا ئاڭلىشالغان گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئابدۇللەتىپ بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن پىستە مېغىزى ۋە خورما يەيتتى. ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق پەرداز قىلغان مومىسىمۇ بەزىدە كورسىلدىتىپ پىستە مېغىزى چايناپ قوياتتى.

— ھەزرىتى ئاتام سەمەرقەنتتە ئىلىمگە پەند بولۇپلا كەتتى. شاھ ئانا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى

نېمە بولاركىن! ئۆلىما ۋە موللىلار غەزەپلىنىپ، دىن ۋە شەرىئەت ئايـاغ ئاستـى بولـۇپ كـەتتى، دېيىشمەكتـە. ھەزرىتى ئاتام مەدرىسىنى ئىلىمنىڭ كانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۆزى تۆن بويى كىرپىك قاقماي، يـۇلتۇز سـانـاپ تـاڭ ئاتقۇزىدۇ.

گۆھـەرشاد خامۇش ھالدا ئۇزاققىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدىرىماي گەپ باشلىدى:

— ھـەزرىتى ئۇلـۇغبېك بـالامنى بـەك يـاخشى كـۆرىمەن. لېكـىن ئۇ مـۇقـەددەس دىنىمىزنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ؟ بۇنىڭدىن ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتىمەن، ھىراتقا كەلگەن چېغىدا نەسىھەت قىلىپ كـايىغانىدىم، قۇلىقىدا تۇتماپتۇ، ئىسىت... مەن ئۇنىڭغا، چىن دىلىمىز بىلەن ئاللاغا ئېتىقاد قىلايلى، دېگەنىدىم. ئۇلۇغبېك شـۇ چاغدا يۇلتۇزلار ئالىمى كەڭ ۋە سىرلىق، ئىسلام دىنىمـۇ ئىلىمنى قەدىرلەيدۇ، دېگەنىدى.

— سىز تېخى بىلمەيسىز، ئانا، ئۇلـۇغ ئاتـامنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۆلىمالار — ئەزىز ئادەملەر، ئۇلار ھەربىر ئىشىمىزغا يول كۆرسەتكۈچىلەردۇر. لېكىن ئاتام بۇنى مۇتلەق چۈشىنىشنى خالىمايدۇ.

گۆھەرشاد ئۇنچىقمىدى. ئۇ قـوشـۇمىسىنى تـۈرۈپ ئۇزاق جىم ئولتۇرغاندىن كـېيىن، ئېغىر گـەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويىدى ــ دە، بۇخارادىن، سەمەرقەنتتىن، ئەنجاندىن، بەلختىن ئايال قېرىنداشلىرى- نىڭ كەلگەنلىكىنى، بۇگۈن ئۇلارغـا ئاتـالغان زىيـاپـەت بارلىقىنى ئېيتتى.

شاھزادە ئابدۇللـەتىپ ئورنىدىن تـۇرۇپ، قـوپـال

گەۋدىسىنى ئېگىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئىرغاڭلىغىنىغىچە چىقىپ كەتتى.

مەلىكە باش كېنىزەككە شەرەت قىلىۋىدى، كېنىزەكلەر ئالدىرىشىپ ئىشىك تەرەپكە كېتىشتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا بىرمۇنچە ئاقسۆڭەك ئاياللار تەزىم قىلغىنىچە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار قايتا - قايتا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى. گۆھەر شاد ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ سالاملاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۆزىمۇ جايىغا چۆكتى.

مەلىكە مېھمانلاردىن قايتا ئامانلىق سوراپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئىلتىپات كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار ھويلىغا چىقىپ كەتتى. كېنىزەكلەر مەلىكىنى قايتا كىيىندۈردى. مەلىكە كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھانە قەدەم تاشلاپ ھويلىغا چىقتى.

مەلىكىنىڭ سارىيىغا كەلگەن مېھمانلار ئىچىدە ئەلشىرنىڭ ئانىسى گۈلبىكە ئايىممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، ئاپئاق يۈزى، ئىنچىكە قاشلىرى ۋە مېھرىبانلارچە چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى گۈزەل ئاياللار ئۈچۈن ئۆرنەك بولالايتتى. ئۇ يىگىرمە بەش ياشلاردا بولۇپ، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ، سورۇنلاردا دەرھال كۆزگە چېلىقىدىغان يېقىملىق چىراي، يېقىملىق ئايال ئىدى.

مەلىكە مېھمانلار بىلەن بىللە گۈللۈك ئەتراپىدا، لىقمۇلىق سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدا بىرئاز سەيلە قىلغاندىن كېيىن، ھەممە مېھمان-

لارنى چوڭ مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى.

ئەلىشىر ئانىسىنىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلاپ، باغدا ئويناپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى.

— ئېھتىيات قىل، كوچىغا چىقمىغىن! — دەپ رۇخسەت قىلدى گۈلبىكە ئايىم.

※ ※ ※

ئەلىشىر باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ، ئۇزاق تاماشا قىلىپ يۈردى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلغان رەڭدار قەپەسلەردىكى شاتوتى، بۇلبۇل قاتارلىق قۇشلارنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلدى. ئۇلارنىڭ قەپەس ئىچىدە تىنىمسىز سەكرەپ سايراشلىرىنى ئۇزاق كۆزەتتى. قۇشلارغا قارايدىغان خىزمەتكارغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ سوئاللارنى سورىدى.

بىر چاغدا ئەلىشىرنىڭ ئالدىدا يەتتە ياشلاردىكى شاھزادە ھۈسەيىن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بېشىدا كىچىككىنە يېپەك سەللە، ئۈستىدە يېڭى مەخمەل تون، پۇتلىرىدا ئالتۇن ھەللىك ئۆتۈك بار ئىدى. كەمىرىگە ئالتۇن ساپلىق كىچىك خەنجەر ئېسىلغانىدى. ھۈسەيىن چاققان، قىزغىن ۋە شىجائەتلىك بالا ئىدى.

— قۇللار، كېنىزەكلەر ئايىغىغا پۇتلىشىپ نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى قاقاقلاپ كۈلۈپ ھۈسەيىن.

— قۇشلارنى تاماشا قىلىۋاتىمەن، ئۇلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن... — دەپ جاۋاب بەردى

ئەلىشىر.

— ۋاھ، بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن مېنىڭ كەپتەردىن باشقىسى بىلەن كارىم يوق، ئاداش، يۇرە، كوچىغا چىقايلى، زېرىكىپ كەتتىم.

شاھزادە ھۈسەيىن بىلەن ئەلىشىر يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

چوڭ مەيداندا يىگىتلەر ئوق ئېتىش مەشقى قىلىۋاتاتتى. ئۇ يەردە بەگلەر، مىرشابلار كۆپ ئىدى.

باللار قىزىقىپ تاماشا قىلدى. ئىككى پىل قەيەردىندۇر يوغان تۈۋرۈكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، ئاق يەكتەك كىيگەن ئورۇق ئىككى بوۋاي پىللارنىڭ ئۈستىدە گەپلىشىپ ئولتۇراتتى، بەزىدە كۈلۈشەتتى.

ساۋۇت كىيگەن يىگىتلەر ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئوق يادىن ئوق ئاتاتتى. ئۇلار يەنە بىردىنلا قىلىچ - قالقانلىرىنى چىقىرىشىپ، قىلىچۋازلىققا كىرىشىپ كېتەتتى. سۈرەن سېلىشىپ، ھۆررا توۋلىشىپ يەنە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىشاتتى، مەيدان چېتىدە تۇرغان بەگلەر: ياخشى بولدى، بارىكاللا! بوشاشماڭلار، دەپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى.

— ھەممىسى باتۇر يىگىتلەركەن - ھە! — دېدى ھۈسەيىن چوڭلاردەك سالماقلىق بىلەن، — خۇدا بۇيرۇسا مەنمۇ قىلىچۋاز بولىمەن، ئۇچرىغانلا دۈشمەننىڭ بېشىنى سويمىنى ئۈزگەندەك ئۈزىمەن.

ئەلىشىر كۈلدى:

— چۈشەندىم، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىش سىز ئۈچۈن

زۆرلۇر.

— ھە، ئادىشىم، — دېدى ھۆسەيىن مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئەقىللىق ئىكەنسەن!

ئەلىشىر ئۇنچىقمىدى، ئۇ مەيداندا چېپىپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ قايسىسى چىرايلىق، قايسىسى يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەۋاتاتتى.

— ئاۋۇ كەپتەرلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆر! — دەپ ئەلىشىرنىڭ يېڭىنى تارتتى ئاسمانغا قاراپ ھۆسەيىن.

ئۇلار ئاسماندا موللاق ئېتىپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە بىردەم قاراپ تۇردى.

— كەپتەرلەر پەرىشتىلەرگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئەلىشىر خىيالچان ھالدا، — مەن كەپتەرلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارغا قاراپ تويمايمەن. كەپتەرلەرنى كۆرۈشكە بەك ھەۋەس قىلىمەن...

باللار تاشقىرىقى ھويلىغا كىرىشتى. ئۇ يەردە ئادەم ئاز ئىدى. بىرنەچچە لەشكەر جىمجىت تۇرۇشاتتى.

ھەزرىتىم ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پەقەت شۇ كىشىلا قالدى، بىچارە قېرىپ كەتتى...، — دەپ كۇلۇمسىرەپ پىچىرلىدى ھۆسەيىن.

دەل شۇ چاغدا بېشىغا يوغان، قوپال سەللە ئورىغان، كۆزلىرىدىن مەككارلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت ھۆسەيىننىڭ ئالدىغا كېلىپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى:

— شاھزادەم، كەچ بولۇپ كەتتى. رۇخسەت قىلسىلا، قايتايلى.

ئەلىشىر شاھزادىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى

كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بايقىدى.

— بەگ جاناب، تېخى ئانچە بەك كەچ بولۇپ كەتكىنى يوق، سەۋر قىلىڭ، — دېدى ھۇسەيىن تاقەتسىزلىنىپ.

بەگ ئاتىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى، ھۇسەيىننىڭ ئانىسىنىڭ كەچ قالماسلىقىنى تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ھۇسەيىن بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن ئەلىشىرگە بۇرۇلدى.

— خەير، ئەلىشىر! — دېدى ئۇ چوڭلاردەك جىددىيلىك بىلەن.

— خەير، شاھزادە، سىزگە ئاق يول تىلەيمەن، — دېدى ئەلىشىرمۇ ھاياجانلىنىپ.

ئۇچى بىر - بىرىگە ئۇتتىشىپ كەتكەن چىنارلار ئارىسىدىكى يولدا ئىككى ئاتلىق كۆزدىن غايىب بولغاندا، ئەلىشىر ئاستا مېڭىپ ئىچكىرىگە كىردى. بەزمە قىزىپ كەتكەنىدى.

مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ تاماقلار ۋە خىلمۇ خىل مېۋىلەر تىزىلغان. كېنىزەكلەر مېھمانلارغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ، ئۇچقاندەك تېز مېڭىشىپ، داستىخانغا يېڭى - يېڭى تاماقلارنى، گۈلابلارنى كەلتۈرۈشەتتى.

ئەلىشىرنىڭ ئانىسى:

— جىم ئولتۇرغىن، شوخلۇق قىلما، — دەپ پىچىرلىدى ۋە ئوغلىنىڭ ئالدىغا تاماقلارنى سۈرۈپ قويدى.

ساز ياڭراپ تۇراتتى، سازچىلار داستىخاننىڭ

بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تەمبۇر، دۇتار، راۋابلارنى چېلىشاتتى.

ئەلىشىر گويا سېھىرلەنگەندەك، ئۆزىنى ئاشۇ ئاجايىپ ئاھاڭلارنىڭ قانىتىدا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى.

ساز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ناخشا ياڭرىدى:

ئەي بېگىم، ئۇشبۇ يۈز شەمس بىرلە قەمەرمىدۇر؟
ئەي بېگىم، ئۇشبۇ سۆز دۇگۈل، بال بىرلە شەكەرمىدۇر؟
كۆز ئۇچىدىن قىيا - قىيا جىلۋە بىلەن بېقىشلاردىن،
جان تومۇرنى قىيار ئۇچۇن تىغمۇ يا نەزەرمىدۇر؟

بىرنەچچە ئاياللار يېقىملىق ئاۋاز بىلەن جور بولۇپ كۈيلەشەتتى. سورۇندا بىر - بىردىن يېقىملىق ۋە دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى مۇھەببەت ناخشىلىرى ئېيتىلىۋاتاتتى. سازچىلارمۇ قاشلىرىغا ئۇسما قويغان، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرگەن، باشلىرىغا ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن بېزەك تاققان گۈزەل قىز - چوكانلار ئىدى.

پەرىدەك گۈزەل ئۇسسۇلچى قىزلار ئوتتۇرىغا چۈشتى. نېپىز، يۇمشاق زەڭگەر رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن ياش ئۇسسۇلچىلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى.

مەلىكە گۆھەر شاد ئايىم مەغرۇر ئولتۇراتتى، بەزىدە ئۇسسۇل كۆڭلىگە يېقىپ قالسا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى ۋە يېنىدىكى قۇتىدىن پۇل ئېلىپ، ئۇسسۇلچىنىڭ ئاياغ ئاستىغا تاشلايتتى.

شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئەلىشىر ئانىسىنىڭ تىزىنى ئاستا نوقۇدى:

— بۇ ئاھاڭ يېقىملىق ئىكەن، ماڭا ياقتى...

گۈلبىكە ئايىم مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ئەمىسە جىم تۇرۇپ ئاڭلا! — دەپ پىچىرلىدى.

بەزمە ئۇزاققىچە داۋاملاشتى. كەچ كىرگەندە خانىش مېھمانلار بىلەن ھويلىغا چىقىپ، بەزمىنى تېخىمۇ قىزىتتى.

— يۈر، ئوغلۇم كېتەيلى، — گۈلبىكە ئايىم ئەلىشىرنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

ئۇلار قەسىردىن چىققاندا، غىياسىددىن كىچىك باغدا بىر بەگ بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ئەلىشىر خۇشال بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى ئۆيگە كېتەيلى، جېنىم بالام. كوچىدا بوۋاڭ كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئەلىشىرنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ غىياسىددىن كىچىك.

ئەلىشىر سوزۇلۇپ ئاتىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيدى - دە، چەتتە كۈتۈپ تۇرغان ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە كوچىغا چىقىپ كەتتى.

— ئوغلىڭىز بەك چېچەنكەن، كۆز تەگمىسۇن، — دېدى خېلىدىن بېرى بالىنى كۆزىتىپ تۇرغان بەگ.

غىياسىددىن كىچىك كەمتەرلىك بىلەن:

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئوقۇتماقچىمىز، زېھنى ئۆتكۈر، — دېدى. كۆڭلىدە: «ئاھ خۇدا، يامان كۆزدىن ساقلىغايسەن!» دەپ قويدى.

※ ※ ※

ئەلىشىر ھويلىدا ئىككى بالا بىلەن پومزەك ئويناۋاتاتتى. بالىلارنىڭ ئۇچىسىدا ماتا كۆڭلەك،

باشلىرىدا كىرلەشكەن ئاق دوپپا بار ئىدى. پۇتلىرى يالاڭئاياق ئىدى. ئەلىشىر كونىراپ قالغان ئۆتۈكىنى سېلىپ تام تۈۋىگە تاشلاپ قويغانىدى. ئۇ پومزەكنى يىراققا تاشلاپ كەينىدىن ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەلىشىر ناھايىتى چاققان ئىدى، پومزەكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەندە ئاغىنىلىرىدىن قېلىشمايتتى.

ئۇلار پومزەك ئوينىشىتىن زېرىككەندە تامنىڭ سايىسىدە بىردەم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ چاغدا بىر كېيىك دەرەخلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەلىشىرنى پۈرىدى، ئەركىلەپ سۈركەلدى. ئەلىشىر كېيىكنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىماقچى، بېشىنى سىلىماقچى بولۇۋىدى، كېيىك يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

— سېنى تونۇيدىكەن، تازا ئۆگىتىپسەن ئۆزۈڭگە، — دېدى بالىلاردىن بىرى.

— راست شۇنداقكەن! — زوقلاندى ئىككىنچى بالا، — ھازىرلا ئالدىمىزدا تۇراتتى، بىردەمدىلا ئېتىلغان ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى. كېيىك دېگەن ئاشۇنداق يۈگۈرۈك، زېرەك بولىدۇ - دە.

ئەلىشىر كۆلۈمسىرەپ كېيىكنىڭ خۇلقى، قىلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇنى تاغام ماڭا چۆلدىن ئەكېلىپ بەرگەن. تاغام ئۇستا مەرگەن. ئۇ ھايۋانلارنىڭ، بولۇپمۇ كېيىكلەرنىڭ خۇلق - مىجەزى، قىلىقلىرى ھەققىدە ھەۋەس بىلەن سۆزلەشكە باشلىسا، ئاغزىغا قاراپلا قالىمەن.

كېيىك يەنە تۇساتتىن پەيدا بولۇپ، ئەلىشىرنىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقتى. ئەلىشىر خۇشال بولۇپ:

— مە - مە، بىردەم جىم تۇرە، — دېدى كېيىكنى

ئەركىلىتىپ.

كېيىك نېرىدا دانلاپ يۈرگەن ئاق توخۇلارنى كۆرۈپ، «بۇلار نېمە؟» دېگەندەك، قاپقارا كۆزلىرىنى يەنىمۇ چوڭ ئاچتى. توخۇلارغا بىردەم ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قارىدى ـ دە، كېيىن بىر سەكرەپ ھويلىنىڭ قايسىبىر تەرىپىگە كېتىپ غايىب بولدى.

— ئاجايىپ پاكىز، چىرايلىق جانىۋار ئىكەن بۇ، — دېدى بىر بالا كېيىككە زوقلىنىپ قاراپ.

— چوڭ بولغىنىمدا ئوۋچى بولغۇم بار، تاغلاردا ئوۋچىلىق قىلىش بەكمۇ كۆڭۈللۈك، — دېدى يەنە بىر بالا كېيىك كەتكەن تەرەپكە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بىزنىڭ يۇرتىمىز ھىراتنى جەننەت ماكان دېسەك لاپ بولماس، دوستلىرىم، — دېدى ئەلىشىر قولىدىكى چۆپ بىلەن يەرگە نېمىلەرنىدۇ سىزغان ھالدا. — مېنىڭچە، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق ۋەھشى ھايۋانلارنى ئوۋلاش كېرەك. كېيىكتەك ياۋاش، زىيانسىز مەخلۇق دۇنيادا يوققۇ دەيمەن.

— ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى قاراڭلار! گۆشىمۇ تاتلىقتۇ، ھە؟ — دېدى قارىمۇتۇق بالا پومزەكلەرنى ساناۋېتىپ.

ئەلىشىر شېرىن خىياللارغا چۆمۈلۈپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ دوستىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك:

— ئوۋچىلىق راستتىنلا كۆڭۈللۈك ئىش. لېكىن مەكتەپتە ئوقۇش ھەممىدىن مۇھىم. مەكتەپ تۇرمۇشنىڭ كۆپ سىرلىرىنى ئۆگىتىدۇ، — دېدى.

باللارنىڭ چوڭراقى سۆھبەتنىڭ بۇنداق كەسكىن

ئۆزگەرگىنىدىن چۆچۈپ، بىردەم جىم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

— كىم ئۆگەتتى بۇ گەپلەرنى ساڭا؟ — دېدى ئەلىشىرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ.

— مەن بىلىمەن. دادام ھەمىشە: «ئالىم ئادەم خار بولمايدۇ» دەيدۇ. دادامنىڭ ئالدىغا ئالىم ئادەملەر كۆپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرلۇك گەپ - سۆزلىرىنى، ئاجايىپ غەزەللىرىنى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ئاڭلايمەن، ئۆزۈممۇ خېلىلا جىق غەزەللەرنى ياد بىلىمەن.

ئېگىز بالا مەيۇس ھالدا دېدى:

— دادام نامرات ماتاچى. ئۇنىڭغا «مېنى مەكتەپكە بېرىڭ» دېسەم، «ساڭا مەكتەپكە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېدى. ئويلاپ باقسام دادامنىڭ ئېيتقىنى توغرىدەكەن. ئۆيىمىزدىكى چاشقانلارنىڭ تۆشۈكىمۇ قۇپقۇرۇق تۇرسا، مەكتەپكە قانداقمۇ بارالايمەن؟

— مېنىڭ دادام ھامال، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئىككىنچى بالا، — سەھەردىن تا كەچكىچە بازاردا ئىش كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىرەر تىيىن پۇل ئۇچۇن بۇغداي، قوناق قاچىلانغان يوغان - يوغان تاغارلارنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ كۆتۈرىدۇ. شۇڭا مەكتەپ دېگەن سۆزنى ئاغزىمغا ئالغۇدەك بولسام، ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتكۈدەك بولىدۇ.

بالا بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، غەمكىن ھالدا گېپىنى داۋام قىلدى:

— دادام دائىم: «ئوغلۇم ھەددىڭدىن ئاشما، مەن ئەڭ نامرات ئادەممەن. ئارپا نېنىغا زار بولۇۋاتقىنىمىزنى بىلىسەنغۇ، مەكتەپتە ئوقۇش — قورسىقى توقلارنىڭ ئىشى.

بىز بەختسىز ئادەملەر... ھەي، ھايات شۇنداق يارالغان. مەكتەپنىڭ بىلىم خەزىنىسى ئىكەنلىكى راست. ئەمما ئۇنىڭ ئىشىكىنى قورسىقى توقلارلا ئاچالايدۇ. يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشىمىز كېرەك!» دەيدۇ.

ئەلىشىر ئۆزىنىڭ پات ئارىدا مەكتەپكە بارماقچى ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتماقچى بولغانىدى، لېكىن ئېيتمىدى، يەرنى سىزغىنىچە جىم ئولتۇرۇۋەردى.

شۇ چاغدا بالىلارنىڭ ئالدىدا بىر موماي پەيدا بولدى.

— تېز بول تايچاق، بىر يەرگە بارىمىز. ۋاي خۇدايىم، ئۆتۈكۈڭ قېنى؟ — ئۇ بالىلارغا قارىدى، — بولدى، ئويۇن تۈگىدى، ئەمدى ئۆيۈڭلەرگە قايتىڭلار!

موماي ئېگىز، كۆكرىكى كەڭ، سېمىز، مىجەزى چۇس، كۆزلىرىدىن ھىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ غىياسىدىن ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ كەلگەن مۇلايىم، كەمسۆز، خۇداگوي بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى شاھرۇھنىڭ خىزمىتىدە يۈرۈپ، ئىچكى ئۇرۇشتا ھالاك بولغانىدى.

— ئەتىلىككە ناشتىدىن كېيىن كېلىڭلار، بىرگە ئوينايمىز، بولامدۇ؟ — دېدى ئەلىشىر ئۆتۈكىنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ.

بالىلار يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقىپ كېتىشتى.

— ئەلىشىر، ئاپئاق بالام، ئۈستىبېشىڭغا قارىغىنا، يۈز - كۆزلىرىڭنى يۇغىن، — دەپ ئېرىدق

تەرەپنى شەرەت قىلدى موماي.

ئەلىشىر ئېرىق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چاقچاقلىق بىلەن يۇيۇندى، پۇتلىرىنى سۇغا تىقىپ شاپىلداتتى. كېيىن ئايۋاندىكى قوزۇقتىن ماتا ئېلىپ پۇت - قولىنى سۈرتتى. موماي ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى ئېرتىپ كىيدۈرمەكچى بولغاندا، ئۆزۈم كىيىمەن، دەپ ئايۋاننىڭ چېتىگە ئولتۇردى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ھەر كۈنى مېھمانغا بارىدىكەنمىز - دە؟

گۈلبىكە ئايىم ئاق شايى كۆڭلەك، كىمخاب چىلتىكە، گۈللۈك مەسە، كىچىككىنە قارا كەش كىيىپ، بېشىغا ئاچ قىزىل رەڭلىك رومال ئارتىۋالغانىدى. بۇ ئايال ئۆي ئىچىدە ئاددىي كىيىنىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئوغلىنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— پىروزە بەگئاغىچىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، جېنىم بالام، سەمەرقەنتتىن مەلىكە سۇلتان بۈۋى كەلگەنمىش. ئۇ يەردە ئۇلۇغ زاتلارنى كۆرىسەن، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مومايغا «بۇ ئۆتۈك كونىراپ قاپتۇ، ئوبدانراق سۈرتۈۋېتىڭ» دەپ قويۇپ، ئۆيدىن پاكىز كۆڭلەك، يېڭى بەقەسەم تون، يېڭى دوپپا ئېلىپ چىقتى. گۈلبىكە ئايىم ئوغلىنى كىيىندۈرۈپ بولۇپ، بېشىغا پارقىراپ تۇرغان ئاق يىپەك تونىنى يېپىندى. ئەلىشىر يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

گۈلبىكە ئايىم مومايغا:

— بېگىم مەھكىمىسىگە كەتكەن ئوخشايدۇ. كېلىپ قالسا ياخشىراق شورپا تەييارلاپ قويۇڭ، — دەپ تاپى-

لاپ كوچىغا چىقتى، يوللار قىڭغىر - قىيسىق، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. ئانا - بالا تۆت كوچىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىسىغا بۇرۇلدى. يىراقتا بىر پىل كۆرۈندى. ئەسكەرلەر ۋە بالىلار پىلغا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ئەلىشىر خۇشال بولۇپ يۈگۈرمەكچى بولغانىدى، ئانىسى قولىدىن قاتتىق تۇتۇۋالدى.

— پىلنى كۆرمىگەنمىدىڭ، ئەلىشىر، ئۇ يەر يىراق، بارالمايسەن. بايقارالارنىڭ قەسىردە تەكتۇشلىرىڭ كۆپ، جېنىم بالام، ئۇ يەردە قانغۇچە ئوينىۋالىسەن.

— پىل ياۋايى هايۋان - هە، ئانا! — ئەلىشىر قەدىمىنى ئاستىلاتتى، — بويى ئېگىز، ساغرىسى كەڭ، تاغدەك كۆرۈنىدۇ. هايۋانلارنىڭ ئەڭ چوڭى شۇ بولسا كېرەك - هە؟

گۈلبىكە ئايىم كۈلدى.

— ئويلىغىنىڭ توغرا. خەلق ئىچىدىمۇ «پىلدەك يوغان» دېگەن گەپ بار. پىل يولۋاستىنمۇ، شىردىنمۇ چوڭ. شىر بىلەن يولۋاس ۋەھشي، پىل بولسا ياۋاش، سۆلەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشچان. بىر قېتىم پادىشاھنىڭ پىللىرىنىڭ تاغدەك - تاغدەك ياغاچلارنى كۆتۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم. لېكىن سۇنى بەك جىق ئىچىدىكەن. يەمنىمۇ ئادەم قورققۇدەك كۆپ يەيدىكەن.

— بوي - بەستىگە ياردىشا يەيدۇ - دە، يېمىسە ئىش قىلالمايدۇ. هىندىستاندا پىل بەك كۆپمىش. بالىلار پىلنى ئات - ئېشەك مىنگەندەك مىنىپ يۈرەرمىش. ئانا، چوڭ بولغىنىمدا دادامۇ ماڭا پىل ئېلىپ بەرسۇن، بولامدۇ، مەنمۇ پىلغا مىنەي.

— خۇدا بۇيرۇسا.

— ھىۋاتتا ئارانلا ئۈچ - تۆت پال بارمىكىن، ھەممىسىلا شاھزادىلەرگە قاراشلىقتۇ دەيمەن، — دەپ چوڭلاردەك جىددىي سۆزلىدى ئەلىشىر.

— خۇدايىم تەلىيىڭنى ئوڭ قىلغاي، بالام. تېزرەك ماڭ، يېقىن قالدى.

گۈلبىكە ئايىم ئالدىدا پىلدىرلاپ كېتىۋاتقان ئوغلىغا مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:

— ئېھتىيات قىل، كىشىلەرگە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرمە. چوڭلارغا سالام بەر، ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىل، ئەلىشىر.

ئەلىشىر چوڭ مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئوقيا مەشقى قىلىۋاتقان ھۈسەيىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھزادەم! — دەپ قوللىرىنى قوشتۇردى ئۇ.

ھۈسەيىن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— زېرىكىپ تۇرغانىدىم، مۇئەللىم ھەر كۈنى قولۇمغا قۇرئان تۇتقۇزىدۇ، يالغۇز قۇرئان بىلەنلا ئىش پۈتەمدۇ؟ — دەپ چوڭلاردەك جىددىي سۆزلىدى ھۈسەيىن، — باھانە تېپىپ - دە، ئاستىلا مەيدانغا كەلدىم. مەن ئوق ئاتىمەن. سەن مەيداننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ، ئوقلارنى يىغىپ ئەكېلىپ بەر، بولامدۇ؟

— ماقۇل، ئېتىك، — جىددىي جاۋاب بەردى ئەلىشىر ۋە مەيداننىڭ ئۇ چېتىگە يۈگۈردى.

... ھۆسەيىن شايى يەكتەك، قىزىل دوخاۋا شىم، يېڭى ئۆتۈك كىيگەن، بېشىغا كىچىك شايى سەللە ئورىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا جەڭ مەيدانىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، يانىڭ كىرىچىنى جىددىيلىك بىلەن تارتاتتى ۋە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوقنى پەخىرلىنىپ كۆزىتەتتى. ئەلىشىرمۇ ئوقنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك قولىنى ھاۋاغا سوزۇپ سەكرەيتتى، بەزىدە ئوقلارنى ئۇزاقىچە ئىزدەيتتى.

— تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ھۆسەيىن يىراقتا تۇرۇپ.

— تاپتىم، ئېلىپ بارايمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەلىشىر.

— ياق، ياق توختاپ تۇر، — ھۆسەيىن سادىقتىن يەنە ئوق ئېلىپ، نىشانغا توغرىلاپ ئاتتى. ئەلىشىر ھاياجانلىنىپ ئوقنى كۆزەتتى. ئوق ئەلىشىردىن ئېشىپ نېرىراققا چۈشتى. ئەلىشىر ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئوقنى تاپتى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھۆسەيىننىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىدىكى بىر دەستە ئوقنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— ئوق ئۇزۇشۇم قانداقراق، ئەلىشىر؟ — جىددىي ھالدا سورىدى ھۆسەيىن ئوقلارنى ساداققا سېلىپ تۇرۇپ.

— شاھزادەم، ئوق ئۇزۇشىڭىزگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلىشىرمۇ چوڭلاردەك جىددىيلىك بىلەن.

باغدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان تار يولدا ئىككى بالا ئاستا سۆھبەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھۆسەيىن شاھزادىلەر ھەققىدە ئۆزىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزەتتى ۋە

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەككار، ئالدامچى، ھىيلىگەر دەيتتى. ئۇ بىردىنلا ساداقەتتىن ئۇزاق سوغۇرۇۋېلىپ دەرەخ ئۇچىغا قارىتىپ ئاتتى.

— ئاھ، ئۇۋال قىلدىڭىز! — دەپ چىپپىدە توختىدى ئەلىشىر دەرەختىن پۇررىدە ئۇچقان قارىغۇجىنى كۆرۈپ. ئۇ گويا قارىغۇجىنىڭ قانىتى ئاستىدىن ئۆتكەندەك كۆرۈندى.

— ئىسىت، تەگمىدى، — دەپ ئەپسۇسلاندى ھۇسەيىن.

— لېكىن مەرگەنلىكىڭىز شاھزادە، تاس قالدى پالاقلاپ چۈشۈپ كەتكىلى. قارىغۇجىنىڭ بەختى باركەن!

—گەپ قارىغۇجىنىڭ بەختىدە ئەمەس، ئېتىشنى بىلمەسلىك — بەختسىزلىك. دەل تەگكۈزۈشنى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ. ئۇستا مەرگەنلەردىن ساۋاق ئېلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، — دەپ خامۇش ھالدا سۆزلىدى ھۇسەيىن، — قېنى ئەلىشىر بەگزادە، ھويلىغا كىرەيلى، سەمەرقەندتىكى ھامام مەلىكە سۇلتان بۇۋى ساياھەت قىلىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ بىلەن تېخى كۆرۈشمىدىم.

ئىككى بالا ھويلىغا كىردى. ھويلا ۋە ئۆيلەر ئاياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ھۇسەيىننىڭ ئاتىسى غىياسىددىن مەنسۇر ۋە شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىدى.

ھۇسەيىن چوڭ ئۆي تەرەپكە يۈگۈردى ۋە بوسۇغىدا تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ تۆرىگە بېرىپ ھاممىسى بىلەن كۆرۈشتى.

ھاممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇسەيىننى قۇچاقلىدى، پېشانىسىگە قايتا - قايتا سۆيدى. ئۇ ناھايىتى گەۋدىلىك،

سۆلەتلىك، ئۇزۇن شايى مەخمەل كىيىم كىيگەن تەقۋادار موماي ئىدى. ئۇ ھۈسەيىنگە سىنچىلاپ قارىدى.

— ياخشى، بوييۇڭ خېلى ئۆسۈپتۇ، ئوقىيا بىلەن ساداقمۇ يارىشىپتۇ، — دەپ كۈلدى ئۇ.

— جەڭ مەردلەرنىڭ ئىشى، ھاما، مەرھۇم ساھىبقىران بوۋىمىز جاھاندا تېڭى يوق باتۇر ئىدى، ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىز.

چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— بارىكاللا، باتۇر بول، ئوغلۇم، بوۋاڭ ئەمىر تۆمۈردەك بولالىساڭمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپ ھۈسەيىننىڭ يەلكىسىنى قايتا - قايتا سىلاپ قويدى موماي.

ھۈسەيىن تەزىم قىلىپ، نېرىغا بېرىپ ئولتۇردى.

موماي بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان كېنىزەكلەرنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. كېنىزەك چوڭ بىر بوغچىنى ئېلىپ كەلدى.

— بۇ ساڭا كۆز تۇمار بولىدۇ، بالام، مايەرگە كەل! — موماي بوغچىنى يېشىپ، غىلاپقا سېلىنغان خەنجەر بىلەن ئاچ قىزىل رەڭلىك سەللىنى ئالدى. سەللىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ ئولتۇرغان ھۈسەيىننىڭ يەلكىسىگە تاشلىدى، — بۇ ئۆزۈڭدەك ئۆتكۈر خەنجەر! — ئۇ خەنجەرنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ھاۋادا بىر ئايلاندۇردى، — ئۆتكۈرلۈكىنى كۆردۈڭمۇ، بالام!

موماي خەنجەرنى غىلاپقا سېلىپ ھۈسەيىننىڭ كەمىرىگە ئېسىپ قويدى.

ھۈسەيىن قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى. كەينىچە مې-

كىلىپ سەللىنى ئانىسىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ـ دە، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شۇ چاغدا بوسۇغا تۆۋەدە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تىك تۇرغان ئەلىشىرگە مومايىنىڭ كۆزى چۈشتى.

— بۇ ئوغۇل كىم بولىدۇ، كۆزلىرىمگە ئەجەبمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى موماي يېنىدا ئولتۇرغان ھۆسەيىننىڭ ئاتىسىدىن.

— بىر ۋاقىتلاردا سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلغان غىياسىددىن بەگ ئېسىڭىزدىمۇ، ئۇ بەكمۇ دانىشمەن كىشى. بۇ شۇ كىشىنىڭ ئوغلى ئەلىشىر، — دەپ جاۋاب بەردى غىياسىددىن مەنسۇر.

ئەلىشىر قىزارغىنىچە پۈكۈلۈپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئاستا چىقىپ كەتتى.

— ياخشى، ئەدەبلىك بالا ئىكەن، — دېدى موماي بېشىنى لىڭشىتىپ.

※ ※ ※

ئەلىشىر تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن ئازادە ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ياشانغان بىر بەگ ئاغىچا:

— ساڭا جېنىم تەسەددۇق بولسۇن، ئوغلۇم، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، كۆڭلۈڭ نېمىنى خالايدۇ؟ مانا كاۋاپ، مانا مانتا، خالىغىنىڭنى يە. ناردىن خېلى تەملىك ئىكەن، — دەپ تاماقلارنى ئەلىشىرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— مانتا يەمسەن؟ — دەپ سوردى ئانىسى پەچىرلاپ.
— مەيلى، ئىككى مانتا يەي، — ئەلىشىر تېخىمۇ ئاستىراق جاۋاب بەردى.
ئانىسى تاۋاققا تۆت مانتا ئېلىپ ئەلىشىرنىڭ ئالدىغا قويدى.
مەشھۇر لەشكەر بېشىدىنىڭ خوتۇنى — گۈمبەزدەك سېمىز بىر ئايال:
— ۋديەي، بەكمۇ ياۋاش ئىكەن ئوغلىڭىز، گۈلبىكە ئايىم، بالا دېگەن تاماقنى چوڭ — چوڭ چىشلەپ يېمەمدۇ، قاراڭ ئۇنىڭ تاماق يېيىشىگە، — دېدى پىخىلداپ كۈلۈپ.
ئەلىشىر ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا:
— قاراڭ، تاماقنى ئۇ كۆپ يېگەچكە قورسىقى بىزنىڭ چوڭ قازاندەك يوغىناپ كېتىپتۇ، — دېدى.
— بولدى، گەپ قىلما...، — دېدى ئانىسى.
ئەلىشىر ئاستاغىنا ۋىلىقلاپ كۈلدى. ئىككى مانتا يېگەندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.
قەپەسلەردىكى شاتۇتى، تورغاي، بۇلبۇللار چۇرۇقلاپ سايرىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۇياق، بۇياققا ئۇرۇپ، قەپەسنىڭ چىۋىقلىرىنى تۇمشۇقلىرى بىلەن چوقۇلىشاتتى.
ئەلىشىر شاتۇتىنىڭ ئالدىدا توختىدى:
— قېنى، سۆزلەڭ، تۇتىجان!
شاتۇتى دۇدۇقلاپ ئارقا — ئارقىدىن:
— ئەسسالام، ئەسسالام! — دېدى.
ئەلىشىر خۇشال بولۇپ:

— ۋاي، موللا شاتۇتى، ياشاپ كېتىڭ، — دېدى ئۇنى ئەركىلىتىپ.

چىرايلىق شاتۇتى قەپەستە بىر ئايلاندى - دە:

— ياشاپ كېتىڭ، ياشاپ كېتىڭ، — دەپ تەكرارلىدى.

شۇ چاغدا كىمخاب ۋە دوخاۋا كىيىملەرگە ئورالغان ئابدۇللەتىپ بىرنەچچە بەگلەر بىلەن ئەلىشىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، شاھزادىلەر ئولتۇرغان مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

— ئابدۇللەتىپ شاھزادە كەلدى! — دەپ پىچىرلاشتى خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ئاياللار.

ئەلىشىر دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ ئۆي ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى:

ئۆيدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مېھمانلارنى قارشى ئېلىشىۋاتاتتى.

— ھارمىغايسىز ئۇلۇغ خان ئاتا، چىرايىڭىز تولۇن ئايدەك تۇرۇپتۇ، — دەپ سوغۇققىنا ھېجايدى ئابدۇللەتىپ.

— ھەزرىتى خاقان سىزنى سېغىندى. ئۇ سىزنى ھىراتنى تەرك ئېتىپ، سەمەرقەنتكە قەدەم تەشرىپ قىلسۇن دېگەن، — دېدى مەلىكە سۇلتانبۇۋى بەگلەر ۋە ئەمىرلەرگە قاراپ قويۇپ.

ئابدۇللەتىپ ھىجايدى:

— ئۇلۇغ ئاتىمىز سالامەتمىكىن؟

غىياسىدىن مەنسۇر ۋە باشقىلار بىر - بىرلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويىدى، كىمدۇر بىرى ئاللىنىېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى.

ئابدۇللەتىپ مەلىكە سۇلتانبۇۋىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغان

دىن كېيىن، باشقىلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ئەمما سورۇن ئېغىر سۈكۈناتقا چۆككەندى. ئابدۇللەتىپ ھامىنىسىغا بەزى - بەزىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قوياتتى. لېكىن مەلىكە سۇلتانبۇۋى رەنجىگەنىدى. ئۇ نازۇك ئىبارىلەر بىلەن شاھزادىگە ئۆز كېپىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

— سەمەرقەنت — خۇش ھاۋالىق، ئىقلىمى يېقىملىق جاي. ئۇ يەردە ئەمىر تېمۇرنىڭ سارايلىرى، قەسىرلىرى بار. سۇلتان ئۇلۇغبېك سالدۇرغان جامائەلەر، مەدرىسىلەر شۇنچە كۆركەم، شاھزادەم. ساراي ئالىملار ۋە ھۆكۈمالار بىلەن تولغان. ھەزرىتىم يەنە سەمەرقەنتتە، بۇخارادا يېڭى مەدرىسىلەرنى قۇردى. ھەزرەتنىڭ مەرتىۋىسى ھەمىشە يۈكسەك بولغاي، خۇدايىم ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەي!

— مەدرىسىلەر، جامائەلەر ئىسلام دىنىنى ئۇچۇندۇر. ئەمما يېڭى مەدرىسىلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستىگە نېمە خەتلەر يېزىلدى؟ شاھ ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر قىلماقچى، ئۇ دەھرىلەرگە، بۇزغۇنچى ئىلىم ئەھلىلىرىگە يول قويۇۋاتىدۇ، — ئابدۇللەتىپ ئەسەبىيلىشىپ تىترەپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ ئاللاتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. ئەمما ھېچكىم غىڭ قىلىپ تىنمىدى. تامدەك تاتىرىپ كەتكەن مەلىكە مەنسۇرگە قارىدى، ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي جىم ئولتۇراتتى.

ئەلىشىر ھەيران بولدى. ئۇ گاھ مومايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى، گاھ ئابدۇللەتىپنىڭ غەزەپلىك

قىياپىتىنى، گاھ سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتەتتى. كۆڭلىدە: «بۇ شاھزادىنىڭ چىرايى سەت بولغانلىقى ئۈچۈن نىيىتى يامان بولۇپ قالغانمىدۇ ياكى نىيىتى يامان بولغانلىقى ئۈچۈن چىرايى سەت بولۇپ قالغانمىدۇ»دەپ ئويلايتتى.

— پادىشاھى ئالەمنىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن جېنى پىدا، — دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى موماي، — ئىسلام دىنىغا چىڭ ئېتىقاد باغلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىلىم - ئىرپاننىڭ ھامىيسىدۇر.

ئابدۇللەتىپنىڭ چىرايى ئۆچۈپ كەتتى:

— بىزمۇ شېئىرىيەتنى، تارىخنى، ئاسترونومىيىنى سۆيىمىز، ئەمما دىنىي بىلىملەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. شاھ ھەزرەتلىرى بولسا نۇرغۇن ۋاقتىنى يۇلتۇز ساناشقا بېھۇدە سەرپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ، كىشىنى دەھرىيلىككە باشلايدىغان تىلسىملىق ئىلىمدۇر. ئۇ زات خاتا يولغا قەدەم قويۇۋاتىدۇ. بىر ھەيۋەتلىك بىنا ياساتتىكى، ئۇ تىلسىماتنىڭ دەل ئۆزى. ھەزرەت ھازىر يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش بىلەنلا بەند بولۇپ كەتتى. ئۇنى بىر توپ دەھرىيلەر قورشىۋالغان. ئۆزى بولسا ئاشۇ بىناغا بېكىنىۋېلىپ، ئالىقانداق جەدۋەللەرنى تۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولماقتا. موللىلارنىڭ، شەيخلەرنىڭ، دەرۋىشلەرنىڭ ھالى خارابلاشماقتا. ئۇلارنىڭ پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتى بار. مېنىڭ قان يۇتۇپ، غەمكىن يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى شۇ.

موماي ياردەم سورىغاندەك سورۇن ئەھلىگە قارىدى.

— ئۇلۇغبېك ھەزرەتلىرى تەدبىرلىك، ئادىل، خەلققە مېھرىبان، ئاللاغا ئېتىقادى كۈچلۈك، سودا - تىجارەتتە

كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ زاتتۇر. قارىشىمچە، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، شەيخلەر، ئۆلىمالار تىنىچ، دەپ ئويلايمەن.

— ھەي، ھەممىسى قۇرۇق، پوچەك گەپلەر، — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇللەتىپ.

— سۇلتان ئۇلۇغبېگنىڭ مۇھەممەت تاراغاي سەمەرقەنتتىن تارتىپ تا قىپچاق دالىلىرىغا قەدەر كەڭ زېمىننى ئىلكىدە تۇتماقتا، لېكىن ئۇنىڭ بەزىبىر نۇقسانلىرى بار، ئىسلام دۆلىتى دىنىدا ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇشى شەرت ئىدى، سۇلتان ئىلىمگە بېرىلىپ، يۇلتۇزلار بىلەن بەند بولۇپ قېلىپ، ھەقىقىي دىنىي ئىلىمنى تەرك قىلىۋەتتى. ئىسلام روھىنى چۈشكۈنلۈككە دۇچار قىلىش ئەلۋەتتە چوڭ گۇناھتۇر. شاھزادە ئابدۇللەتىپنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس، — دەپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئاستاغىنا سۆزلىدى مەنسۇر.

ئەلىشىر ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. غىياسىددىن كىچىكىنىڭ دوستلىرىنىڭ شېئىر، مۇزىكا، ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىدە ئۇلۇغبېگنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، ئادىل خاقان ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ گەپلەر بولاتتى. ئەلىشىرنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد پەيدا بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللەتىپنىڭ ئاتىسىغا قارشى ئېيتقان سۆزلىرى ئەلىشىرنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سورۇندا ئالىمنى قارىلاپ ئېيتىلغان سۆزلەر ئەلىشىرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئابدۇللەتىپكە نەپرەت، مەلىكە سۇلتانبۇۋىگە ھۆرمەت پەيدا بولدى.

ئۆزىنىڭ دانالىقى، تەجرىبىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئەل ئارىسىدا ئىززەت - ئابروي قازانغان لەشكەر بېشى رۇستەمبېك «ئۇھ، ھىم» دەپ يۆتىلىپ قويۇپ گەپكە ئارىلاشتى.

— سۇلتان ئۇلۇغبېك ھەققىدە كۆپ گەپ بولىدى. ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار، ئۇ زاتنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي. سىلەر بىلىسىلەر، ساھىبقىران نۇرغۇن باغ ۋە قەسىر بىنا قىلدۇرغانىدى. خوتۇنى تۇمەن ئاغىچىغا بېھىش باغنى، توقال خانىمغا ئارامباغنى، نەۋرىلىرىگە شامالباغنى ياسىتىپ بەرگەنىدى. باغلار قۇشلارنىڭ ماكانى ئىدى، ھەممىشە باھاردەك ياشناپ تۇراتتى، ئىھ، ھى... ئارزۇ - ھەۋەسلىرى كۆپ ئىدى خاقانىمىنىڭ...، — لەشكەر بېشى بىردەم بېشىنى چايقاپ جىم تۇردى، — بىر يىلى باھار پەسلىدە بېھىشباغدا شاھانە چېدىرلار تىكىلدى. شاھزادىلەرگىمۇ، كېلىنلەرگىمۇ خاس چېدىرلار تىكىلگەنىدى. ئاھ، ئۇيلىسام ئۇ چاغلار خۇددى چۆچەكتەك ئۆتۈپ-تىكەن. ئۇ چاغدا مەن خاقانىمىزنىڭ خاس يىگىتى ئىدىم، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايتتىم. خاقان باغ ئارىلاپ سەيلە قىلاتتى، نەۋرىلەر كېپىنەكتەك سەكرىشىپ، ئاسمانغا ئوق ئېتىشاتتى. ھەممىسى ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. خاقان مېنى، مايەرگە كەل، دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇچقاندەك ئالدىغا باردىم. ئۇ، قارا، دەپ پىچىرلىدى. قارىسام شاھزادە ئۇلۇغبېك تار يولنىڭ لېۋىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، چىۋىق بىلەن يەرگە ئاللىقانداق شەكىللەرنى سىزىپ تەپەككۇر قىلىۋېتىپتۇ. شاھزادە ئۇ چاغدا يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرگەنىدى. «ھەزرىتىم، بۇ، شاھزادىنىڭ

ئەقىللىق ۋە دانىشمەنلىكىنىڭ ئالامىتى» دېدىم. خاقان مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. «مەن بۇنىڭغا ئۇزاق ئويلىنىپ، مۇھەممەت تاراغاي ئۇلۇغبېك دەپ ئىسىم قويغانىدىم. ھەرھالدا ئەقىللىق بالا بولدى. كەلگۈسىدە مەشھۇر سەركەردە بولغاي» دېدى. مەن پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتتە تۇرۇپ: «شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ئوخشاش چەكسىز سەلتەنەت ئىگىسى ۋە دۇنيانى تىترەتكۈچى قەھرىمان بولغاي» دېدىم. خاقان ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ياش يىگىتتەك يەڭگىل قەدەم تاشلاپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى. چېدىر ئەتراپىدا قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان قارىيلار ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قىرائەتنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشتى. ئۇ چاغدا ئون نەپەر مۆتىۋەر قارىي ھەمىشە خاقاننىڭ ئەتراپىدا يېقىملىق ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇپ يۈرەتتى. خۇداغا شۈكرى، مانا سۇلتان ئۇلۇغبېكنى سەمەرقەنت تەختىدە ئالىم ۋە ئادىل شاھ سۈپىتىدە كۆرۈۋاتىمىز. ئۇ ئالەمنىڭ سىرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماقتا، يۇلتۇزلارنىڭ يوللىرىنى ئېنىقلىماقتا، — لەشكەر بېشى بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆتمۈش خاتىرىلىرىگە بېرىلىپ كەتكەنىدى، سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىغىمۇ دىققەت قىلمايتتى، — ئەمدى ئويلىسام، خاقانىمىز شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن سەزگەنىكەن. مانا ھازىر ئۇلۇغبېك بارچە شاھلاردىن چولپان يۇلتۇزدەك پەرقلىنىپ تۇرۇپتۇ. بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

پەلەك، يەللار كېرەك سەيىر ئەتسە يۈ كەلتۈرسە ئىلكىگە،

مېنىڭدەك شائىرى تۈركىي، سېنىڭدەك شاھى دانانى.

لەشكەر بېشى ئۇلۇغبېگنىڭ ئىلىم - پەندىكى مىس- لىسىز دانىشمەنلىكى، كامالەتكە يەتكەنلىكى، مەرىپەتپەر- ۋەرلىكى ھەققىدە سۆزلىدى.

— ئۇ بۇخارادا قۇردۇرغان مەدرىسىگە «بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ئېلىشى پەرزدۇر» دەپ مۆھۈر ياساتتى. ئىلىم - ئىرپانغا كەڭ يول ئاچتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش جاھىل مۇتەئەسسىپلەرگە ياقمىدى، دىنىمىز ئاياغ ئاستى بولۇپ كەتتى، دەپ غوۋغا كۆتۈرۈشتى.

— بەس، ھەدەپ لاپ ئۇرۇشنىڭ نېمە ھا- جىتى! ئۇلۇغبېك ھەزرەتنىڭ دىن ۋە شەرىئەتكە خىلاپ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسىتىش بىزنىڭ بۇرچىمىز. موللا ۋە شەيخلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچ. ئۇلار ھازىر قاتتىق غەزەپلەنمەكتە، — دېدى شاھزادە ھۆسەيىننىڭ دادىسى غىياسىدىن مەنسۇر ھايا- جاندىن قىزىرىپ.

— مەنسۇر جانابلىرى، — دېدى لەشكەر بېشىمۇ بوش كەلمەستىن، — مەن سۇلتان ئۇلۇغبېكنى زامانىمىزنىڭ ئارىستوتېلى ۋە ئەپلاتونى دەپ بىلىمەن. ئالىي ھەزرەت ئىلىمدە قانچىلىك كامالەتكە يەتكەن بولسا، دىن ۋە شەرىئەتنىمۇ شۇنچىلىك چۈشىنىدۇ ۋە رىئايە قىلىدۇ، مەن ئۇ زاتقا چوقۇنىمەن.

كىمدۇ بىرەيلەن مۇنازىرىنى توختىتىپ، ئويۇن - كۈلكە، قىزىق پاراڭلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى تەكلىپ قىلدى. يەنە بىرەيلەن: «كۆرەرمىز، بۇ دەتالاشلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن...» دەپ پىچىرلىدى.

ئابدۇللاتىپ ئۈنچىقماي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھاممىسىنىڭ سۇلتاننى ھىمايە قىلغانلىقى، قېرى لەشكەر بېشىنىڭ مەدھىيە ۋە ماختاشلىرى، شۇنداقلا مەنسۇرنىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلاتتى. كۆڭلىدە دادىسىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئىنكار قىلالمايتتى. لېكىن، ئىنىسى ئابدۇلئەزىز ئىلىم - ھېكمەتتە خېلىلا ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلۇغبېكنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى كۆچەيگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئابدۇللاتىپنىڭ كۆڭلىدە دادىسىغا نارازىلىق پەيدا بولغانىدى.

— جېنىم ھامما، سىزگە ھۆرمىتىم چوڭقۇر، — دېدى ئابدۇللاتىپ ھېيلىگەرلىك بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، كېيىن موماي تەرەپكە ئېڭىشىپ پەس ئاۋازبىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاتام ھەقىقەتەن ئالىم كىشى. ئىش بېجىرىشتە ئادىل، غەيرەتلىك، باتۇر ئادەم. بۇنىڭدىن شۈبھىلەنمەيمەن. مەن ئۇنىڭغا چەكسىز سادىق. ماڭا ئىشىنىڭ. ئەيىبىم بولسا كەچۈرگەيسىز، ھامما. ھىراتتا ھەرخىل چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار باركى، ئۇلار ئېھتىمال ئاتامغا يوشۇرۇن مەكتۇپ يوللىشى مۇمكىن...

— ياق، ياق، شاھزادەم، زادىلا غەم قىلماڭ. سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا. سىزنى سالامەت كۆرگىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن، — دەپ جاۋاب بەردى مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن.

— رەھمەت سىزگە، ئۇلۇغ ھامما، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئابدۇللاتىپ، — ئاتامغا مېنىڭ بۇ يەردە ئۇلۇغ مۇددەرىسلەرنىڭ، مۆتىۋەر ئۆلىمالارنىڭ سۆھبەتلى-

رىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىمنى، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىپ قويارسىز. ئۇلۇغ ئاتامغا يەنە يېقىن پۇرسەتتە قايتىپ كېتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگەيسىز.

— شاھ ئالىيلىرىغا ئېيتقانلىرىڭىزنى جان دىلىم بىلەن يەتكۈزىمەن، — دېدى ھاممىسى سۈرمىلىك كۆزلىرىنى قىسىپ.

ئەلىشىر ئانىسى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، دادىسى پېشىن نامىزىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ تۇرغانىكەن.

— ئوغلۇم، قېنى گەپ قىلە! — دېدى ئايۋاندا يانپاشلاپ ياتقان غىياسىددىن كىچىك ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئوغلىنى باغرىغا باستى.

كىچىككىنە ئەلىشىر چوڭلاردەك جىددىيلىك بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشكە كىرىشتى.

— سەمەرقەنتتىن مەلىكە سۇلتانبۇۋى كەلگەنىكەن. ھەم بەزمە، ھەم زىياپەت بولدى. شاھزادىلەر، بەگلەر، ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. كېيىن شاھزادە ئابدۇللەتىپ ناھايىتى داغدۇغا بىلەن كېلىپ مەلىكە سۇلتانبۇۋى بىلەن كۆرۈشتى. ئازراق مۇنازىرە بولدى. قاراڭ دادا، شاھزادە دادىسىنى يامان كۆرىدىكەن. ھېچ ئەقلىم يەتمىدى، نېمىشقا شۇنداق - ھە؟ شاھزادە سۇلتان ئۇلۇغبېكنى قارىلىغانىدى، مەلىكە سۇلتانبۇۋىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئاۋۇ كۈنى بىزنىڭكىگە كەلگەن لەشكەر بېشى سۇلتاننى ماختىغانىدى، شاھزادە ھۈسەيىنىنىڭ دادىسى

غەزەپلەندى.

غىياسىددىن كىچىك ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن جىم ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر، روشەن سۆزلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلىدى.

— كېيىن سازەندىلەر، ئۇسسۇلچىلار بەزمە قىلىشتى. مەن ناخشىغا تەڭكەش قىلىنغان ئۇسسۇلنى بەك ياقتۇرىمەن.

— ھەممىسىنى ئېنىق سۆزلەپ بەردىڭ. بولدى ئەمدى، ئەلى، تۇر، كىيىملىرىڭنى سال! — دېدى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققان گۈلبىكە ئايىم ئېرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ.

— ئابدۇللەتىپ شاھزادە زىياپەتكە كەلدىمۇ، ئەلىنىڭ سۆزلىرىدىن ئازراق سۆز جېڭى بولغانلىقىنى پەملىدىم. نېمە ئىش بولدى؟

— شاھزادە ئابدۇللەتىپ زەھەردەك ئاچچىق گەپ قىلىدىكەن، مەلىكە سۇلتانبۇۋى خېلى رەنجىدى، — دېدى گۈلبىكە ئايىم ۋە لەشكەر بېشى ھەققىدىكى گەپلەرنىمۇ سۆزلەپ بەردى، — توۋا دەيمەن. ئاشۇنداق ياشانغان، ھۆرمەتلىك ئادەمنى جانابىي مەنسۇر سىلكىپ تاشلىدى قاراڭ. ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. شاھزادىلەر تەختكە چىقىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن، ھەتتا بالىلىرىدىنمۇ كېچىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ جېدەللىرىگە ئارىلاشماڭ، ئۆزىڭىزنى چەتتە تۇتۇڭ، بېگىم.

— توغرا ئېيتتىڭ، گۈلبىكە، — دېدى غىياسىددىن خىيالغا پېتىپ، — مەملىكىتىمىز، خەلقىمىز پاجىئەلىك ئەھۋالدا قالدى. شاھزادىلەر بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ھالدا بىر - بىرىگە، ئاتىسىغا، بوۋىسىغا ئورا كولاۋاتىدۇ، تەخت ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ، ئىمانىنى يوقىتىۋاتىدۇ. يۇرت خەۋپ

ئاستىدا قالدى. بۇ ھەقىقەت.
— ئاستا گەپ قىلىڭ، — دېدى گۈلبىكە ئايىم ئەندىشە قىلىپ.
— تۈركىستان ئۆلكىسى جەننەتكە ئوخشايدىغان ماكان، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى غىياسىدىن خوتۇنىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، — ئۇنىڭ باغلىرىنى، مېۋىلىرىنى ھېچكىم تەرىپلەپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن ھەر قېتىمقى جەڭ - جېدەللەر ئاشۇ جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ.
ئاتا بىلەن ئانا ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. ئەلىشىر بولسا دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۈنچىقارماي يېتىپ گەپكە قۇلاق سالاتتى.
گۇگۇم چۈشكەندە ئەلىشىرنىڭ ئانىسى مىس شامدانىدىكى شاملارغا ئوت يېقىپ، ئوچاق بېشىدىن پەگاغا كەلدى:
— يۈر، ئورنۇڭنى سېلىپ قويدۇم، چارچىغانسەن، ئەمدى ئۇخلا، قوزام، — دېدى گۈلبىكە ئايىم.
— ئەمدىلا نامازشام ۋاقتى بولدىغۇ، ئانا، — دەپ نارازى بولدى ئەلىشىر.
— سېنى ھېرىپ كەتتىمىكىن دەيمەن بالام.
— ئانا، بوۋام ئۆيىدە بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلىشىر.
— ئەلۋەتتە بار.
ئەلىشىر سەكرەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.
— ئۇزاق ئولتۇرما، ئەلىجان! — دەپ ۋارقىرىدى ئانىسى ئۇنىڭغا قاراپ.

ھويلىنىڭ يىراق بۇرجىكىدىن ئەلىشىرنىڭ «ماقۇل، ماقۇل» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، بوۋا، — دېدى ئەلىشىر ئۆيگە كىرىپلا.

بوۋاي يانپاشلاپ يېتىپ تەسۋى سىيرىۋاتاتتى. ئۇ ئەلىشىرنى كۆرۈپ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن:

— كەل، كەل، تايچىقىم، قەيەرگە باردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئازادە ئۆينىڭ تەكچىلىرىگە ئېگەر - جابدۇق، ھەرە، ئىكەك قاتارلىق ئەسۋابلار تىزىپ قويۇلغانىدى. بوۋاينىڭ ئالدىدا زىغىر يېغى قويۇلغان قارا چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. چەتتىكى قوزۇقتا بولسا يوغان، قوپال غىلاپلىق قىلىچ ۋە ئوقيا ئېسىپ قويۇلغان. ئەلىشىر بۇ ئۆيگە قاچانلا كىرسە ئەڭ ئاۋۋال ئاشۇ جابدۇقلارغا كۆز تاشلايتتى ۋە ھەر دائىم شۇ نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— بوۋا، دالىدىن ئاتلىق كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ.

— ھەئە، ئاتلىق كەلدىم بالام، ئاتلىق كەلدىم، لېكىن بۇ ئات مەن مىنسەم ناھايىتى سىلىق ماڭىدۇ، داداڭ مىنسە يورغىلاپ كېتىدۇ، بەكمۇ قاتتىق چاپىدۇ.

ئەلى چاقچاق قىلدى:

— ئېگەر ئۈستىدە كىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى بىلىدۇ-دە. ئات دېگەن ئەقىللىق، زېرەك بولىدۇ. سىزنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ئاستا ماڭىدۇ، — دېدى ئەلىشىر بوۋاي-

نىڭ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

بوۋاي خىرىلداپ كۈلدى. بىردەمدىلا ئۇ خاتىرىلەر قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئات-خۇمارلىقىنى، چەۋەندازلىق ۋە قىلىچۋازلىق قىلغان چاغلىرى-نى ئەسلىدى.

— يىگىت دېگەن تۆمۈردەك قاتتىق، گۈلدەك نازۇك بولىدۇ. ئەمدى ياشلىقىم چاقماقتەك بىر چاقناپ ئۆچتى، تاغ سۈيىدەك شارقىراپ ئېقىپ كەتتى... ھەي. شۇنداق ئىكەن، تايچىقىم، — دەپ قايتا - قايتا باش چايقىدى بوۋاي، — مانا كۆرۈۋاتىسەن، قەددىم پۈكۈلدى... ئات دېگەن ئاجايىپ جانىۋاركەن، ئوق ئاتساق ئۇ ئۇچقانىدەك چاپىدىكەن، ئەلىشىر، بۇ گەپلەرگە چۈشەندىڭمۇ؟ بىلىۋال، بالام.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئويغا پېتىپ ئولتۇرغان ئەلى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ھازىرمۇ كۈچلۈكسىز، بوۋا، ئازراقلا مۈكچىيىپ قالدىڭىز، لېكىن ساقىلىڭىز بەكمۇ ياردىشىملىق - دە، سۆلەتلىك، ئاپئاق، نۇرانە كۆرۈنىدۇ. ماڭا بەكمۇ ياقىدۇ، ياخشى كۆرىمەن.

— ئالدىرىما بالام، — دېدى بوۋاي تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى ئەسلىگەندەك، — سايدىن ساڭا بىر تال بامبۇك ئېلىپ كەلدىم، — ئۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە، بورجەكتىكى خۇرجۇننى ئاختۇرۇپ يېرىم گەزچە ئۇزۇنلۇق-تىكى بامبۇكنى ئالدى، — بەك ياخشى بامبۇك ئىكەن، بەكمۇ ياخشىكەن. ساڭا ئاتاپ كېسىۋالدىم، بالام.

بوۋاي ئەگىشىپ خۇرجۇننىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن ئەلى

دەرھال بامبۇكقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— يۇلغۇندەكلا قاتتىقكەن - ھە، بوۋا.

ئەتە بۇنىڭدا بۇلبۇلدەك سايرايدىغان نەي ياساپ بېرەمەن ساڭا.

— تازا چىرايلىق قىلىپ ياساڭ، بوۋا، — خۇشاللىقتىن ئەلىشىرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، — پۇۋ دېسە ئۆزى سايرايدىغان بولسۇن، ماقۇلمۇ؟ — دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى ئۇ. بوۋاي بامبۇكنى ئاۋايلاپ تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئەمما، نەي ياساش نازۇك، مۇشەققەتلىك ئىش، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىپ ياساش كېرەك. ھەي بالام، كۆپ ئادەملەر بۇنىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭغا پەم - پاراسەت كېرەك، — دېدى بوۋاي قاتما بارماقلىرى بىلەن كۆكرىكىگە يەڭگىل ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ھەيران بولۇپ ئولتۇرغان ئەلىشىر جىددىي ھالدا سورىدى:

— بوۋا، ئۆزىڭىز نەي چېلىشنى بىلەمسىز؟

بوۋاي خۇرسىنىپ قويىدى:

— ياش ۋاقتىمدا ھەممە ئىشقا قىزىقاتتىم، نەي چېلىشنىمۇ ئازراق بىلەتتىم، ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ئەلى بوۋايغا تەسەللى بەرگەندەك ئاھاڭدا دېدى:

— بىلىسىز، بىلىسىز، بوۋا. ئادەم دېگەن بىلگەن ھۈنىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن!

— ياق، بالام، نەي چېلىشنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمما نەي ياساش ئۇسۇلى يادىمدا بار، — دېدى بوۋاي جىددىي رەۋىشتە.

ئەلىشىرنىڭ كۆڭلى خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ نەي توغرىسىدا گەپ سوراۋېرىپ بوۋاينى خېلى چار-چاتتى، كېيىن بىردىنلا سۆزنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— قېنى، بوۋا، ئەمدى چۆچەكنى باشلاڭ. سىزنىڭ ئاجايىپ چۆچەكلىرىڭىزنى ئاڭلىغىلى كەلگەنىدىم.

بوۋاي غۇلىچىنى يېيىپ كېرىلدى، كېيىن ئەلەنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— ۋاي بالامەي، ھەر كۈنى تېپىشماق، ھەر كۈنى چۆچەك دەۋېرەمسەن؟ قەيەردىن تاپىمەن ئۇ چۆچەكنى؟ مەن چۆچەكنىڭ كانىمىدىم!

— توغرا، چۆچەكنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى - دە سىز! — دەپ قەتئىي جاۋاب بەردى ئەلى.

بوۋاي بالىنىڭ گېپىدىن خۇشال بولغاندەك، تەن-تەنلىك ئاھاڭدا سۆز باشلىدى:

— ئانام رەھمەتلىك چۆچەككە ئۇستا ئىدى. قىز-چوكانلار بىلەن چاق ئېگىرىدۋېتىپ چۆچەك ئېيتىشاتتى، خۇددى ئاغزىدىن چۆچەك قۇيۇلۇپ تۇرىدىغاندەك توختىماي ئېيتىۋېرەتتى، ئۇنىڭ چۆچەكلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس ئېقىنغا ئوخشايتتى، پەرىزىمچە ئۆزى توقۇپ ئېيتىۋېرەتتىمىكىن دەيمەن. بالا ۋاقتىمدا ئانامنىڭ چۆچەكلىرىنى يېپىقا مارجان تىزغاندەك، كۆڭلۈمگە تىزىپ ئولتۇراتتىم، ھازىر يادىمدا قالماپتۇ. ئانامنىڭ چۆچەكلىرى خۇددى تۇماندەك غۇۋا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

— راستمۇ، ئانىڭىز چۆچەكنى ئۆزى توقۇۋېرەمتى؟ — دەپ سورىدى ئەلىشىر ھەيران بولۇپ.

— ئانام زېرەك، ئەقىللىق ئايال ئىدى، — دېدى

بوۋاي خىيالچان هالدا، — چۆچەكلەرگە ئۆزى خالىغان ۋەقەلەرنى قوشۇپ، بىردىنى بىردىگە ئۇلاپ ئېيتىۋېرەتتى. ئانام تېخى داستانمۇ ئېيتاتتى، بالام. ھەتتا تاڭ ئېتىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ داستانى تۈگىمەيتتى. ئويلاپ باقسام، مېنىڭ ئاناممۇ خۇددى سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش زېرەك، ئەقىللىق، پاكىز، بىلىملىك، تەدبىرلىك ئايال ئىدى. ئاھ، ئۇ زامانلار ئۆتۈپ كەتتى، تەقدىر ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

ئەلىشىر بوۋايغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

— ئەمدى دادىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى ئەلىشىر يېلىنغاندەك ئاھاڭدا، — ئۇ كىشى نېمە ئىش قىلاتتى، كەسپى نېمىدى؟ چەڭگە قاتناشقانمۇ، ئۇۋنى ياقتۇراتتىمۇ؟

— بولدى ئوغلۇم، — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن جاينامازنى يايدى.

ئەلىشىرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئېيتىپ بېرەمسىز، كۈتۈپ ئولتۇراي.

— ھېرىپ كەتتىم بالام. ئەمدى ئۆيگە قايت، ئەتىگىچە تېپىشماق ئويلاپ قوياي.

ئەلىشىر: «راست، بوۋام كۈندىن - كۈنگە مۈكچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. تېخى ھېلىلا دالىدىن ھېرىپ كەلدى ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى.

— بوۋا، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، نامازدىن كېيىنلا

ئۇخلاڭ، بولامدۇ؟ نەينى ياخشىراق ياساپ تەييارلاپ قويارسىز.

بوۋاينىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. ماقۇل، ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئەلىشىر يادىغا كەلگەن بىر غەزەلنى ئاستا پىچىرلاپ يادلىغىنىچە ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

بوۋاي ئادىتى بويىچە ئەزان ۋاقتىدا ئويغاندى. ئاۋۋال ئاتلارغا بېدە سېلىپ بەردى، تېگىنى تازىلىدى. كېيىن نەي ياساشقا كىرىشتى. بامبۇك ھۆل ئىدى. بوۋاي ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى جايىنى مۆلچەرلەپ، ئۆتكۈر پىچىقى بىلەن بىر يېرىم غېرىچچە كېسىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىنى كۆڭۈل قويۇپ تازىلىدى، كېسىلگەن تەرىپىنى قىرىپ سىلىقلىدى. ئۇ بامبۇكنى پات - پاتلا كۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇپ ئايلاندۇرۇپ، سىنچىلاپ قارايتتى.

ئەلىشىر كۈندىكىدىن بالدۇرراق ئويغاندى، كىيىملىرىنى كىيىپلا بوۋاينىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، نەينى ئوبدان ياساپسىزغۇ! — دەپ بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى، خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقنايتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شىرىم، نېمىشقا بالدۇر تۇرۇۋالدىڭ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ، — نەيگە ئوخشاپتىمۇ؟ نەي ياساشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرىمەن.

— سىز بىلگەن ھۈنىرىڭىزنى ئۇنتۇمايسىز، سىزنى

ئالدىراتمايمەن. دۇنيادىكى ھەممە نەيلەردىن ياخشىراق قىلىپ ياساپ بېرىمەن.

— بوۋاي نەينى تەكرار - تەكرار سىلىقلىدى، ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— ئۇستا كۆرگەن شاگىرت بىر مۇقامدا يورغىلار، ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار، دېگەن گەپ بار، بالام. مەن ئۇستا كۆرمىگەن - دە. مەيلى تەۋەككۇل دەپ ياساپ باقاي. ئىشقىلىپ، چىرايلىق بولىدۇ.

ئەلشىر بوۋاينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ، نەينىڭ تېزرەك پۈتۈشىنى تىلەيتتى. بىراق بوۋاي ئالدىرىمايتتى، خۇددى زەرگەردەك ئىشلەيتتى.

— نەي پۈتتىغۇ دەيمەن، — دېدى ئەلشىر گۇمان بىلەن.

— زېرىكتىڭمۇ قوزام؟ سەن بىردەم ئويناپ كەل. بۇ ناھايىتى جاپالىق ھۈنەر. بۇنى تېخى پەردازلىشىم، پەدىلىرىنى توغرىلىشىم كېرەك. تېخى ئىش جىق.

— پېشىنغىچە پۈتتۈرەلەرسىزمۇ، بوۋا، — دەپ سورىدى ئەلشىر جىددىي قىياپەتتە.

— مېنىڭچە ئۈچ كۈندە پۈتەرمىكىن، بالام، — دېدى بوۋاي نەينىڭ پەدىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن تېشىۋېتىپ، — نەي ياساشنى پەرىشتىلەر ئىجاد قىلغانمىش، ساۋابلىق، مۇقەددەس ئىش بۇ. ھاپىزلار ئاشىقلىق بىلەن نەينى مەدھىيىلىگەنكى، ئاڭلىساڭ كۆز يېشىڭ يامغۇردەك تۆكۈلىدۇ. نەي توغرىسىدىكى ئاشىقانە بېيىتلەر، غەزەللەر، ھېكمەتلىك

گەپلەر بەك كۆپ، ئەلىجان، مانا بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىۋال!

بوۋاي پەس ۋە مۇڭلۇق ئاھاڭدا غەزەل ئوقۇدى:

بىشناۋ ئەز نەي، چۇن ھىكايەت مىكۇنەد،
ئەز جۇدايىھا شىكايەت مىكۇنەد.

بۇ تۈركىي تىلىدا: ئاڭلىغىن نەينى ھىكايەت قىلۇر، جۇدالىقلاردىن شىكايەت قىلۇر، دېگەنلىك بولىدۇ، بالام.

جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان ئەلىشىرنىڭ يۈرىكىگە يېقىملىق بىر تۇيغۇ قۇيۇلغاندەك بولدى.

— غەزەل قەلبىمگە ئوت يېقىۋەتتى، بوۋا، قايسى شائىر يازغان بۇ بېيىتنى؟

— ئۇلۇغ شائىر مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي يازغان، بالام.

— مەۋلانە رۇمىي غەزەللىرىنى كۆپ ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ ھەممىسى بەك شوخ، كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ، — ئەلىشىر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — بوۋا، خۇدا قەيەردە، قېنى ئۇ؟ مۇشۇ توغرىدا كۆپ ئويلىدىم، لېكىن چۈشەنمىدىم. پەقەت ئەقلىم يەتمىدى.

بوۋاي نەينىڭ پەدىلىرىنى سىلىقلاۋېتىپ:

— سەن تېخى كىچىك، ئوغلۇم. ۋاقتى كەلگەندە پەملەپ بىلىۋالىسەن، — دەپ مەنىلىك ھىجايدى.

— ھەمىشە بىلىدىغانلىرىم ئاز دەيسىز، بىراق ھېچ كىم سىزدەك كۆپ غەزەل بىلمەيدۇ. يەنە غەزەل ئوقۇڭا،— دەپ يېلىندى ئەلىشىر.

— بالام، بىردەم ئويناپ كەل، بېشىمنى ئايلاندۇرساڭ نەيىنى بۇزۇپ قويۇشۇم مۇمكىن. بۇ بەك نازۇك ھۈنەر.

موماي بىر قاچىدا قايماق چاي ئېلىپ كەلدى ۋە بوۋاينىڭ ئالدىغا ماتا داستىخانىنى يايدى. كېيىن ئەلىشىرگە قاراپ:

— ئايۋانغا چىقىڭ، ئەلىشىر بېگىم، قايماقلىق چاي ئېتىپ قويدۇم، ئىچىۋېلىڭ، — دېدى.

— ھازىر كېلىمەن، بوۋا، غەزەللەرنى يادىڭىزغا كەلتۈرگەچ تۇرۇڭ، — دېدى ئەلىشىر چىقىپ كېتىۋېتىپ.

موماي نانىنى ئۇشتۇۋېتىپ بوۋايغا كايىدى:

— بىر غېرىچ بامبۇكنى تاڭ ئاتقاندىن بېرى كېسىپ، سىلىقلاپ ئولتۇرىدىكەنسىز، مانا پۈتتى دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ بالا دېگەن نىمىنى بىلەتتى.

— ئۆزۈممۇ بۇنىڭغا قىزىقىمەن، — دېدى بوۋاي كايىغان ئاھاڭدا، — نەي بارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭغا بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقتىمنى سەرپ قىلساممۇ ئەرزىيدۇ. نەۋرەمگە بۇنى ئوبدانراق ياساپ بېرىش نىيىتىم بار. ئۇنى كۆپ سىنىدىم، چوڭ بولسا بىلىملىك، دانىشمەن ئادەم بولىدۇ. ھېلىتىن تاشنى كەسكۈدەك كەسكىن سۆزلەيدۇ، كۆزلىرىدىن ئوت يۈرەكلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. غەزەللەرنى زوق بىلەن ئاڭلايدۇ، چالغۇ ئەسۋابلىرىغا بەك ھەۋەس قىلىدۇ.

— ھە، قوچقار بولىدىغان قوزىنىڭ پېشانىسى دۆڭ

بولىدۇ ئەمەسمۇ، بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم بولغاي، ئىلاھىم، — دېدى موماي ۋە بوۋايغا كايىدى، — قاراڭا، ئولتۇرغان جايىڭىزنى ئەخلەت قىلىۋېتىپسىز.

— بولدى! سۈپۈرۈۋەتسەك پاكىز بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ.

موماي لېۋىنى پۈرۈشتۈردى - دە، سۈپۈرگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئەلشىر نەينى قولىغا ئالغان ھامان ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال ئانىسى بىلەن دادىسىغا كۆرسەتتى.

— بوۋاي بۇنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ياساپتۇ، — دەپ نەينى قولىدا ئايلاندۇردى غىياسىددىن.

— بوۋام نەي ياساش ماھىرى، — دەپ ماختاندى ئەلىشىر، — بۇنى ئالتە كۈندە ياسىدى.

— قېنى، چالغىن، ئاڭلايلى، — دەپ كۈلدى ئانىسى.

ئەلىشىر قىزىرىپ كەتتى:

— نەينى چالالايدىغان كىشى چالسۇن، دادا، بىر ئۇستاز تاپسىڭىز، ماڭا ئۆگىتىپ قويسۇن.

— ماقۇل، ئوغلۇم. سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، بىرەر نەيچى تېپىلىپ قالار. بۇنى ئاۋايلاپ تۇت، — دېدى دادىسى نەينى ئەلىشىرگە تۇتقۇزۇپ.

كوچىدا ئەلىشىرنى دوستلىرى قورشىۋالغانىدى. يەتتە ياشلاردىكى سېمىز بىر بالا:

— بىزنىڭ ئۇستا نەيچى تۇغقىنىمىز بار، خالىساڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارىمەن. چوقۇم ئۆگىتىپ قويىدۇ، — دېدى ۋە ماتا كۆڭلىكى ئۇستىدىن باغلىۋالغان شويىنىنى چوڭلاردەك قايتىدىن چىڭىتىپ باغلىدى.

— ئۆيى يېقىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلىشىر، كۆڭلىدە بولسا ئانام كايىمىدىكىن دەپ سەل ئەنسىرىدى.

— يىراقىراق، لېكىن ئەنسىرىمە، بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز.

ئىككىيلەن خىلۋەت، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللار بىلەن مېڭىشتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ هاۋا دىمىق ئىدى.

— چوڭ كوچا بىلەن ماڭساقمۇ بولاتتى، لېكىن ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ماۋۇ يول بىلەن ماڭساق شۇ يەرگە ئۇدۇل بارىمىز، هازىر يېتىپ بارىمىز، — دەپ ئىلهام بېرەتتى ئەلىشىرگە ئاغىنىسى.

— مەيلى، گۈزەل مەنزىرىلىك يول ئىكەن، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىنى قارا، ئاسمانغا يېتەي دەپتۇ، — دېدى ئەلىشىر تەرلىرىنى قولى بىلەن سىيرىپ ئېرتىۋېتىپ، — ئۇستاز ئۆيىدە بارمىكىن، بىرئاز خاتىرجەم بولالماي تۇرىمەن.

— خاتىرجەم بول، ئۇ ياشىنىپ قالغان كىشى، قاچانلا بارسام ئۆيىدە كۆرەتتىم ئۇنى.

باللار ئېگىزلىكتىن تىك يارغا چۈشتى ۋە لىڭشىپ تۇرغان ئىككى خادا قويۇلغان بىر ئېرىق ئالدىدا توختىدى.

— يېقىن قالدى، بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز، — دېدى ئاغىنىسى سۇغا تىكىلىپ تۇرغان ئەلىشىرگە قاراپ.

— چوڭقۇرمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئەلشىر.

— چوڭقۇر بولسا كېرەك، سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىنى كۆردۈڭمۇ، — ئاغىنىسى ئۇچۇمىغا تولدۇرۇپ سۇ ئىچىپ بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپقا چېچىۋەتتى، — قېنى ئۆتەيلى.

ئەلشىر سەل قورقتى، ئەمما ئاغىنىسىگە بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ:

— ماقۇل، تەۋەككۇل دەپ ئۆتەيلى، — دېدى.

بالا نەيىنى ئەلشىرنىڭ قولىدىن ئالدى - دە:

— قورقما، دادىل بول، ئاستا ماڭ، — دېدى ياغاچ ئۈستىدە ئىككى قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن ئەلشىرگە قول ئۇزىتىپ.

— ياق، ياق، ئۆزۈم ئۆتىمەن، — دېدى ئەلشىر.

— ئېھتىيات قىل، سۇ ئىتتىك، — دەپ لىككىدە ئۆتۈپ كەتتى بالا.

ئەلشىر قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ياغاچقا ئاستا دەسسىدى ۋە قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

— بوشاڭ بالىلار سۇدىن قورقىدۇ، تېتىك، دادىل بالىلار ھايت دەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. خېلى يۈرەكلىك ئىكەنسەن، ئەلى.

ئىككى بالا قىڭغىر - قىيسىق تار كوچىدىكى ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

ھويلىنىڭ بىر چېتىدە پاكار، كىچىككىنە ئۆي بار ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان ئۈجمىنىڭ سايىسى چۈشۈپ، تۇرغان سۇپىدا بىر بوۋاي ياستۇققا يانپاشلاپ،

خامۇش ھالدا ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستاز، سالامەتمۇ سىز؟ — دەپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى بالىلار.

— كېلىڭلار يىگىتلەر، رەھمەت، بۇ كىمنىڭ ئوغلى، خېلى ياخشى بالىدەك كۆرۈنىدىغۇ، — دەپ ئەلىشىرگە تىكىلدى بوۋاي.

— ئۇستاز، بۇ يىگىت مېنىڭ ئاغىنەم، ئىسمى ئەلىشىر، غىياسىدىن بەگ جانابلىرىنىڭ بالىسى، ئۇنى تونۇيدىغانسىز بەلكىم.

— بەللى - بەللى، غىياسىدىن كىچىكنىڭ ئوغلى دېگىن؟ بەك ئەدەبلىك بالا ئىكەنغۇ بۇ، قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دەپ سۆيىدىن جاي كۆرسەتتى بوۋاي، — ھوي، بۇ نەيىنى نېمىشقا كۆتۈرۈپ يۈرىسىلەر، بەك ياخشىكەنغۇ!

ئەلىشىر نەيىنى ئىككى قوللاپ بوۋايغا ئۇزاتتى، بوۋاي نەيگە سىنچىلاپ قاراپ ئۇنى قولدا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ سىلىقلىقى، گۈزەللىكى، يەڭگىللىكىدىن زوقلاندى.

— بۇنى ياسىغان كىشى ناھايىتى بىلىملىك ئىكەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى.

بالا ئەلىشىرنىڭ بوۋىسىنىڭ نەيىنى نەچچە كۈندە ياسىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئاخىرىدا:

— مانا ئەمدى ھۇزۇرىڭىزغا كەلدۇق، ئەلىشىرگە نەي چېلىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دېدى چوڭلاردەك جىددىيلىك بىلەن.

ئەدەب ساقلاپ جىمجىت ئولتۇرغان ئەلىشىر مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— ئېھتىمال ئۇستازنىڭ ئىشى كۆپتۇر، لېكىن نەي

چېلىشنى بەكمۇ ئۆگەنگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— خاتىرجەم بول، ئۆگىتىپ قويىمەن. نەي ئۆزىمىزنىڭ قەدىمىي چالغۇمىز، ئۇ مۇڭلۇق كۆڭۈللەرنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى كۈيلەيدۇ، توي-بەزمىلەردە ئۇنىڭ گۈزەل ساداسى كۆڭۈللەرنى زوقىا تولدۇرىدۇ. نەي دېگەن ئاجايىپ سېھىرلىك نەرسە، ئەلىشىر بەگزادىنىڭ نەيگە ھەۋىسى چۈشكەن بولسا ئۆگىتىپ قويىمەن، بەگزادەم بەلكى مەشھۇر سازەندە بولۇپ كېتىشىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ئەلىشىر بىلەن دوستى كۈلۈپ كېتىشتى.

— سەنئەتنى روھىنىڭ جېنى ۋە جەۋھىرى دېسەك بولىدۇ. لېكىن مەن يوقسۇل پۇقرامەن، مانا مۇشۇنداق ۋەيرانە كەپىدە ئولتۇرىمەن، — دەپ بېشىنى چايقىدى بوۋاي، — بايلار بولسا ئۇزلۇكسىز ئەيش-ئىشرەت قىلماقتا. ئاھ، خۇدا!

ئەلىشىر قىزىرىپ كەتتى. ئۇ پاكار ئۆيگە، ھويلىنىڭ توپىسى تۆكۈلۈپ تۇرغان سوقما تېمىغا ئەندىشە بىلەن قاراپ قويدى.

— ئۇستاز، ئەلىشىرنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسى بەك كۈچلۈك، مېھنىتىڭىز زايا كەتمەس دەپ ئويلايمەن، ئۇ سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئەسلا ئۇنتۇمايدۇ، — دەپ چوڭ ئادەمدەك ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلىدى ئەلىشىرنىڭ ئاغىنىسى.

— ھە، گەپكە ئۇستا-دە، سەن. بالام، — دەپ قولىغا نەينى ئالدى بوۋاي، — مانا بۇ مۇقەددىمە، ئاڭلاڭلار.

بالىلار نەينىڭ سېھىرلىك كۈيىدىن مەست بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، جىمجىت

ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. بوۋايمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۇ كۆيگە سىڭىپ كەتكەندەك ئىشتىياق بىلەن چالاتتى. كۈي بىردىنلا پەسىيىپ، ھاۋاغا ئۆچۈپ كەتكەندەك ئاستا - ئاستا توختىدى.

— ئۇستاز، رەھمەت سىزگە! — دېدى بالا ھاياجانلىنىپ.

— نەپىسلىكىز قانداقمۇ يېتىشكەندۇ، — دېدى ئەلشىرمۇ سەل ئەيمىنىپ.

— بەللى ئوغلۇم، دىلدىكى ئاھاڭ نەپەس بىلەن نەيگە ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ.

— بارماقلارچۇ؟

— بارماقلارمۇ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ، — بارماقلار كۆينى پەدىلەرگە سىلىپ تۇرىدۇ.

بوۋاي ئەلشىرگە نەينى قانداق تۇتۇش، قانداق پۈۋلەش ۋە پەدىلەرنى قانداق بېسىش ھەققىدە ساۋاق بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇنى ئۆگىنىش مەشق قىلىشقا باغلىق، ئوغلۇم، قېنى، چېلىپ باق.

ئەلشىر نەينى ئېلىپ، بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇردى. كېيىن لېۋىگە تەگكۈزۈپ چېلىشقا باشلىدى.

— خېلى ياخشى چالدى - ھە، — دېدى بالا ئۇستازغا قاراپ.

ئەلشىر تەرلەپ كەتكەنىدى.

— قېيىن ئەمەس، ئوغلۇم، — دېدى ئۇستاز نەينى تېخىمۇ ئاسان بىر كۈيگە چېلىپ. ئۇ بارماقلارنى قانداق بېسىش، پەدىلەرگە نەپەسنى قانداق يەتكۈزۈپ پۈۋلەشنى

تەكرار - تەكرار ئۆگەتتى...

— بۈگۈنكى دەرس تامام، ئۇبدان مەشق قىل، ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلسەڭ بولىدۇ.

ئىككى بالا خۇشال بولدى، ئۇلار بوۋايغا ئەدەب بىلەن تەزىم قىلىپ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئەلىشىر ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىغا، مومىسىغا، ئاندىن كېيىن بوۋىسىغا نەيچى ئۇستازدىن ساۋاق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە «مانا ئاڭلاڭ!» دەپ نەينى بىلگىنىچە چېلىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

ھىرات ھاياجانلانماقتا. ئىككى كۈن ئىلگىرى باغداتتىن چېلىشچىلار كەلگەنىدى. ھىرات چېلىشچىلىرى ئالاقزادىلىك بىلەن تەييارلىق كۆرمەكتە. خەلق بولسا بىرىنچى قېتىملىق چېلىشىشنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خەلق مەشھۇر «سلاھ شۇئۇرى» مەيدانى تەرەپكە ئېقىشقا باشلىدى.

غىياسىدىن كىچىك كۆركەم جىرەن ئاتقا مىنىپ، ئارقىسىغا ئەلىشىرنى مىنگەشتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئېتىنى مەيداننىڭ چېتىدىكى بىر توپ ئاتلارنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇپ، قامچىسىنى ئىگەرگە قىستۇردى. كېيىن ئوغلىنى يېتىلەپ مەيدانغا كىردى، ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ساقچىلار كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ، بەگلەر بىلەن

لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

مەيدان شاۋقۇن - سۈرەن دولقۇنىدا چايقىلاتتى، شاھزادە ئەلاۋۇددەۋلە بىلەن ۋەزىرلەر كەلگەندىن كېيىن، شاۋقۇن جىمىقتى.

شاھرۇھ ۋىلايەتلەرنىڭ بىردە باش كۆتۈرگەن ئىسيانچى شاھزادە بىلەن جەڭ قىلىشۋاتاتتى.

ئەلاۋۇددەۋل ۋەزىرلەر ۋە شاھزادىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن راۋاققا كېلىپ ئولتۇردى، كېيىن ئالدىدا تىز پۈكۈپ تۇرغان لەشكەر بېشى بىلەن چېلىشچىلار باشلىقىغا:

— قېنى، پالۋانلار ماھارىتىنى كۆرسەتسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

لەشكەر بېشى قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تەزىم قىلغىنىچە كەينىگە شوخشۇپ، كىمگىدۇر شەرەت قىلدى. بىردىن كاناي - سۇناي، ناغرىلارنىڭ ساداسى مەيداننى تىترىتىۋەتتى.

باغدات ۋە ھىرات چېلىشچىلىرى شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قايتا - قايتا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئارقىغا چېكىندى. كېيىن ئىككى پالۋان ئوتتۇرىغا چىقتى: ئۇلارنىڭ بىرى باغداتلىق، بىرى ھىراتلىق ئىدى.

خالايىق ھاياجانلانماقتا ئىدى. ھەممە كىشى ئىككى پالۋاننى كۆزىتەتتى. باغداتلىق پالۋان ئېگىز بويلۇق، كۆكرىكى كەڭ، سەلەتلىك يىگىت ئىدى. ھىراتلىق پالۋان ئانچە سەلەتلىك ئەمەس، بويى پاكار ئەمما چېلىشلاردا زادىلا يىقىلمىغان مەشھۇر پالۋان ئىدى.

— باغداتلىق پالۋان غەيرەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ،

بىزنىڭ پالۋانىمىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەدىكىن، — دەپ پىچىرلىدى ئەلىشىر ھاياجانلىنىپ دادىسىغا.

— گەۋدىسىگە قارىما، ئوغلۇم، كۈچ بويىدا ئەمەس، پۇتتا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا مەشققە باغلىق. كىمنىڭ يېڭىشى بىردەمدىن كېيىن بىلىنىدۇ.

چېلىشىش باشلىنىش بىلەنلا ئەلىشىرنىڭ يۈزى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە چېلىشچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى. مەيداندا يەنە بىر جۈپ پالۋان ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىرى ئەرەب بولۇپ، ئۇ ئورۇق، ئوتتۇرا بويلۇق، ئەمما مۇسكۇللىرى پىششىقان كىشى ئىدى. ھىراتلىق پالۋان كەڭ كۆكرەكلىك، دوغىلاق كىشى ئىدى. ئۇ قۇۋراق، لېكىن چاققان ئىدى. تاماشىچىلار: «نېمىشقا مەيدانغا چۈشۈۋالغاندۇ بۇ پالۋان، دائىم چاتاق چىقىراتتى». «مۇتتەھەم نەرسە بۇ، قارشى تەرەپنى پۇتىدىن تۇتۇۋېلىپ يىقىتىدۇ» دەپ پىچىرلىشاتتى. ھىراتلىق پالۋان ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. ھىراتلىقنىڭ ھۇجۇمىغا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئەرەب تۇساتتىن بىر ھۇجۇم بىلەن ھىراتلىقنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھاۋادا ئايلاندۇردى، يەرگە تاشلىۋېتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغىنىدا، ھىراتلىق بىردىنلا ئۆزىنى ئوڭشاپ پۇتلىرىنى يەرگە تىرىۋالدى. تاماشىچىلار نەپەسى توختاپ قالغاندەك قېتىپ قېلىشتى.

— ئامىتى كەلدى! — دېدى كىمدۇر پىچىرلاپ.

— ئۆلۈك پاقىدەك چۈشۈشكە تاس قالدى، — دېدى ئەلىشىرگە يېقىن ئولتۇرغانلاردىن كىمدۇ بىرى.

— «پاكاركەن دېمەك بىزنى، كۆتۈرۈپ باسمىز سىزنى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمىدىڭىز، قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ تېخى ئۆزىنى تونۇتۇپ قويىدۇ، — دېدى پالۋاننىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى. يېڭى ھۇجۇمنى كۈتۈپ تۇرغان ھىراتلىق پالۋان بىردىنلا ئەرەبنىڭ پۇتىغا پەشۋا ئۇرۇپ يەرگە يىقىتىۋەتتى.

— ھېيلىگەر مەككار! — دەپ ۋارقىراشتى خالايىق.

ئەرەب ئاچچىقىنى باسالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆز تىلىدا نېمىدۇر دېدى، لېكىن ھىراتلىق بولسا گىدەيگەن ھالدا: «خالايىق كۆردىڭۇ، كۆتۈرۈپ تاشلىدىمغۇ» دېدى.

ئىككى پالۋان يەنە ئېلىشىپ كەتتى.

— ھىراتلىق پالۋان ھېيلىگەررەككەن، دادا، مېھمان ساپ دىل كىشىكەن، — دەپ پىچىرلىدى ئەلىشىر.

— پاكىنەكنىڭ ھېيلىگەرلىكى ھەممىگە ئايان، ئوغلۇم، — دېدى دادىسى.

بىرنەچچە پالۋان چېلىشىشنى كۆزىتىپ، ئەتراپتا ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى.

— تېزلىتىڭلار، چېلىشىش پەسىيىپ قالدىغۇ، — دېدى ئەمەلدارلاردىن بىرى چېلىشىشنى باشقۇرغۇچىغا.

— قېنى، پالۋانلار، تېز - تېز چېلىشىڭلار. شاھزادە شۇنداق بۇيرۇدى! — دېدى مەيداندا يۈرگەنلەردىن بىرى.

بىر - بىرىنى كۆزىتىپ، پايلاپ يۈرگەن پالۋانلار تۇساتتىن قاتتىق ئېلىشىپ كەتتى. خالايىق جىمجىت قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەمدى باغداتلىق ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى،

لېكىن ھىراتلىقمۇ بوش كەلمەيتتى. ھەر ئىككىلىسى بىر-بىردىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلاتتى.
ئەرەب پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ھىراتلىقنى يەردىن ئۈزۈپ ئالدى. ھىراتلىق بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنگەندەك يەلكىسىگە چاپلىشىۋالغانىدى، ئەرەب قىمىرلىيالماي قالدى.
— ئۇلار بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىكەن! — دېدى ئەلشىر زوقلىنىپ.
غىياسىدىن ئوغلىنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ قويدى.
ئېلىشىش قاتتىق بولدى. مەيدان گاھ جىمجىتلىققا چۆمسە، گاھ شاۋقۇن-سۈرەنگە تولۇپ كېتەتتى.
ئەرەب بار كۈچىنى يىغىپ، ھىراتلىقنى ئىككى-ئۈچ قېتىم ھاۋادا پىرقىرىتىپ ئايلاندۇردى. كېيىن گۈرسىلدىتىپ يەرگە ئۇردى. تاماشىچىلار باركاللا ئېيتقان قىقاس-چوقان ئاتلاندى. پاكىنەك ئورنىدىن تۇردى، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئۈستىبېشىنى قاقتى، ئۇ ئىزا تارتىپ كەتكەنىدى. مېھمان كۈلۈپ ئۇنىڭ يەلكىسىنى قاقتى، ئاندىن كېيىن راۋاق تەرەپكە بۇرۇلۇپ تەزىم قىلدى. شاھزادىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭغا يىپەك تون كىيگۈزۈلدى، قولىغا ئون ئالتۇن تەڭگە سېلىنغان ھەميان بېرىلدى. خالايىق ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇزاق چاۋاك چالدى.
مانا، ئۈچىنچى جۈپ پالۋانلار ئېلىشماقتا. ئۇلار بىر-بىرىنى گۈپ-گۈپ قىلىپ يەرگە ئۇراتتى. ئەمما يەلكىسىنى تەگكۈزەلمەيتتى، يەنە بىر-بىرىگە يېپىشىپ مەيداننى ئايلىنىپ تېخىمۇ قاتتىق ئېلىشىشقا

باشلايتتى.

مانا راۋاق ئالدىغا يېقىن كەلگەندە، ھىراتلىق پالۋان ئەرەبكە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئايلاندۇردى، كېيىن ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەي دەرھال يەرگە ياتقۇزدى، رەقىبى غەزەپ بىلەن تولغىنىپ يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە ئۇرۇندى، ئەمما ھىراتلىقنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلمەي يېتىپ قالدى. ھىراتلىق پالۋان پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتۈپ تاشلاپ مېھمانىنى تۇرغۇزدى، يەلكىسىدىن قۇچاقلىغان ھالدا راۋاق تەرەپكە ئېلىپ باردى. ئىككىسى شاھزادىگە تەزىم قىلدى.

ھىراتلىق پالۋانغا قىزىل كىمخاب تون كىيگۈزۈلدى. شاھزادە ئۇنىڭغا قاراپ:

— بارىكاللا، بىزنى راسا خۇشال قىلدىڭ! — دېدى.

خالايىق توختىماي ئالقىش ياڭرىتاتتى، پالۋانغا چاقا - تەڭگە بېردىشەتتى، بەزى ھاياجانلانغان يىگىتلەر ئۇنىڭغا چاپانلىرىنى سېلىپ كىيگۈزۈپ قويۇشاتتى. غىيا-سىدىن كىچىك ئەلىشىرگە بىر تىللا تەڭگە تۇتقۇزدى، ئەلىشىر خۇشال بولۇپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئايلىنىپ مېڭىپ، پالۋاننىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، تەڭگىنى ئىككى قوللاپ ئۇزىتىپ:

— غەلىبىڭىزنى قۇتلۇقلايمىز! — دېدى.

ئەتراپتىكىلەر بالىنىڭ پەم - پاراسىتىگە ھەيران قالدى.

— بارىكاللا، ئاجايىپ ئوغۇل ئىكەن! — دېدى كىمدۇر بىرى.

پالۋان ئەلىشىرنى قوچاقلىدى.

شۇ پەيتتە باغدادلىقلاردىن تۆتىنچىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. كىشىلەر نەپەسىنىمۇ چىقارماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قېلىشتى. مەيدان سۈكۈناتقا چۆكتى. ئېگىز بويلۇق. يوغان گەۋدىلىك باغداتلىق پالۋان مەيدان ئوتتۇرىسىدا ھەيكەلدەك تىك تۇراتتى. ۋەزىرلەر بىلەن بەگلەر پىچىرلىشىۋاتقاندا شاھزادە ئاستاغىنا:

— تۇۋۋا، بۇنداق ئادەمنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن! — دېدى.

— دېۋىدەك ھەيۋەتلىك ئىكەنغۇ بۇ، — نېمىدېگەن دەھشەتلىك! — دېدى باش ۋەزىر.

شۇئان مەيدانغا ئۇنىڭ رەقىبى چىقتى. بۇ پالۋاننىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىمىغان كىشى يوق ئىدى. ئۇ سەمەرقەنتلىك بولۇپ، ھازىرغىچە چېلىشتا يېقىلمىغان، پۈتۈن تۈركىستاندا تەڭدىشى يوق بىر پالۋان ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ھىراتلىقلارنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. «بۇ پالۋانىمىز بار ئىكەنغۇ» دېيىشتى كىشىلەر.

ئەلىشىرمۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ: «ھىراتتىن ھىندىقۇشقىچە سوزۇلغان بۈيۈك يۇرتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس شۆھرىتى، داڭقى، ئەنئەنىسى بار» دەپ ئويلايتتى ئۆزىچە.

مەيداندىكى پالۋانلار تەمكىن ھەرىكەتلىرى بىلەن بىر - بىرلىرىنى سىناشقا كىرىشكەنىدى. تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ تەڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى قىياس قىلىشقانىدى. «ئەرەبنىڭ پۇتى كۈچلۈككەن، قاراڭ، ئۇنىڭ چاققانلىقىنى...» دەيتتى بەزىلەر. «ياقەي، بىزنىڭ پال-

ۋائىمۇ بوش ئەمەس، ئۇ بېلى قاتقان كىشى، بىلەكلىرىمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك» دېيىشەتتى يەنە بەزىلەر. ئەلىشىر بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇراتتى.

پالۋانلار ئەمدى ئەستايىدىل ئېلىشىشقا باشلىدى، قىزغىن، جىددىي ئېلىشىش بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئاجايىپ كۈچلۈك پال-ۋانلار بار، — دېدى شاھزادە يېنىدىكى ۋەزىرگە پىچىر-لاپ، — ئاۋۇ سەمەرقەنتلىك پالۋانىمىزغا قاراڭ، نېمە-دېگەن قامەتلىك، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىشچۇ تېخى...

— شۇنداق، بىزنىڭ دىيارىمىزدا پالۋانلار كۆپ، ھەزرىتىم، — دەپ تەزىم قىلىپ شاھزادىگە مۇراجىئەت قىلدى سەركەردىلەردىن بىرى، — ئۇلار قانداق چېلىشىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلۇغبېك ھەزرە-تىم پەقەت ئىلىمگىلا كۆڭۈل بەرگەن. لەشكىرىي ئىشلار بىلەن كارى يوق، — بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ پەس ئاۋازدا پى-چىرلىدى، — تەڭرىم سەمەرقەنت ۋادىسىنى ئاخىر بىر كۈن شاھزادەمگە ئاتا قىلغاي.

ئەلاۋۇد دەۋلە كۆڭلىدە شادلانغان بولسىمۇ، قوپال-لىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ھەزرىتى ئۇلۇغبېك ئۇلۇغ پادىشاھتۇر، بارلىق ئەللەر، قەبىلىلەر ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇشى لازىم، — ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — لېكىن ئۇ ھەزرەت تىلسىمات ئالىمىگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئەل-ۋەتتە، بۇ ئىسلام دىنىغا خىلاپ. ئىست، بۇ راستتىنلا چوڭ گۇناھ!

— شاھزادەم، سىز بۈيۈك ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋرىسى،

تۇرلۇق گۆھەرسىز، — دېدى شاھزادىنىڭ يېنىدىكى ئەمەلدارلاردىن بىرى، — جەننەتكە ئوخشاش سەمەرقەنت سىزنىڭ نېسىۋىڭىزدۇر.

شاھزادىنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەندەك بولدىيۇ، ئەمما جىم تۇرۇۋالدى.

چېلىشىش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. خالايىق ھاياجانلىنىۋاتاتتى. ئەلىشىر چېلىشچىلارنى زوق بىلەن كۆزىتەتتى. گاھىدا ئاتىسىنىڭ قولىنى سىقىپ نېمىدۇر دەپ قوياتتى.

— مېھمانمۇ، بىزنىڭ پالۋانمۇ خۇددى دىۋىدەك كۈچلۈككەن، دادا، چېلىشىش دېگەن بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

— كىچىك ۋاقتىمدا بۇنداق چېلىشچىلارنى كۆپ كۆرگەنمەن، ئوغلۇم، — دەپ چۈشەندۈردى ئاتىسى، — ئاجايىپ پالۋانلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالەمدىن ئۆتتى، بەزىلىرى قېرىپ كەتتى، بۇلارمۇ بوش ئەمەس.

— پەمىمچە، پالۋانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكلىرى مۇشۇلار بولسا كېرەك، — دېدى ئەلىشىر.

شۇ پەيتتە ئادەملەر بىردىنلا تەۋرەپ كەتتى. «شاھزادە كەتتى، شاھزادە كەتتى» دېگەن گەپ بىردەمدىلا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقالدى. ئەسلى چاپارمەن كېلىپ شاھزادىگە يېزىلاردىكى تۈمۈرچىلەرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزگەنىدى.

غىياسىدىن بەگلەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپلەشتى - دە، ئەلىشىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— يوْر، ئوغلوُم، كېتەيلى.

غىياسىدىن كىچىك ئەلىشىرنى ئەگەشتۇرۇپ، كىشىلەر توپى ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتتى - دە، ئېتىنى قوزۇقتىن يېشىپ، ئوغلىنى كۆتۈرۈپ ئېگەرنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى ئىرغىپلا ئاتقا مىندى. ئات يورغىلاپ كەتتى. غىياسىدىن ئۆيىگە يېتىپ بېرىپلا ئەلىشىرنى چۈشۈرۈپ قويدى - دە، ئاچ قورساق هالدا سارايغا يۈرۈپ كەتتى.

ئەلىشىر ئىشىكتىن كىرىپلا ئانىسىغا چىلىشىش تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىرىدى.

— ئىسىت، چىلىشىش راسا قىزىغاندا بۇزۇلۇپ كەتتى - دە. يېزىلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇپتىكەن، شۇڭا شاهزادە ئوردىغا كېتىپ قالدى.

سۆهبەت ئۈستىگە كېلىپ قالغان بوۋاي بىپەرۋالىق بىلەن قول سىلكىدى:

— قەدىمكى زاماندىن قالغان ئادەت شۇنداق، دېهقان قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ، پادىشاه باستۇرىدۇ.

※ ※ ※

ئەلىشىر يېڭى تاختاينى قولتۇقىغا مەهكەم قىسىپ، خۇشال هالدا دادىسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنى ئىخلاس بىلەن يۇيۇندۇرۇپ، پاكىز كىيىندۇرگەندى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاپئاق سەللە، ئۇچىسىدا ياقىسىز كۆڭلەك بىلەن چەكمەن چاپان، پۇتىدا ئۆتۈك بار ئىدى. غىياسىدىن بەگمۇ بېشىغا چوڭ سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا ئادەتتىكى ئۇزۇن يەكتەك، پۇتىغا مەسە كالاچ كىيگەندى.

ئۇ چوڭ داستىخانغا چىكىلگەن بىرمۇنچە نان ۋە قاتلىمىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇمۇ خۇشال ۋە جۇشقۇن ئىدى، بالىسىنىڭ قابىلىيىتىدىن شۇبھىلەنمەيتتى.

ئۇلار چوڭ يولىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلدى. شۇ چاغدا بۇك دەرەخلەر ئارىسىدىن مەكتەپ كۆرۈندى. ئەلشىر بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— مۇئەللىم ئابرويلۇق ئادەم، — دېدى غىياسىدىن ئوغلىنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ، — كۆرۈشكەندە سالام بەر، قولىنى سۆي.

— چوقۇم ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلشىر.

غىياسىدىن بەگ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ دەرسخانىغا كىردى. دەرس تەكرارلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاۋازى چىپپىدە توختىدى. بالىلار گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ تەزىم قىلىشىپ ئۆز جايىغا ئولتۇرۇشتى. غىياسىدىن ئەلشىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ۋە ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ كۆرۈشتى. ئەلشىرمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تەقسىر» دەپ سالام بېرىپ، مۇئەللىمنىڭ قولىنى سۆيدى.

— بارىكاللا، ئوقۇغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ بەللى، ئوغلۇم، — دەپ يېڭى شاگىرتىنىڭ ئاتىسىغا جاي كۆرسەتتى مۇئەللىم. ساقاللىق، گەۋدىسى چوڭ، ياشانغان بۇ كىشى بېشىغا يوغان سەللە يۆگىگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلۇغۋار قىياپەتتە سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى.

— تەقسىر، سىزنى پاناھ تارتىپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلشىر ھاياجاندىن تىترەپ.

— بەللى، تاختا ئەكەلدىڭىزمۇ، ئوغلۇم؟ ياخشى. ئېلىپبەنىڭ باشتىكى ھەرپى ئاللاتائالانىڭ مۇبارەك ئىسمى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنى ئەسلا ئۇنتۇمىغايسىز، — دېدى مۇئەللىم ۋە غىياسىددىنغا قاراپ، — ئەلىشىر بەگزادە چېچەن ۋە ئەقىللىق ئىكەن.

غىياسىددىن تەزىم قىلدى:

— رەھمەت، ئۇنى ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇردۇم، تەقسىر! — ئۇ ئېلىپ كەلگەن توگۈننى مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. يانچۇقىدىن بىر تىللا چىقىرىپ مۇئەللىمگە تۇتتى، — تەقسىر، بالىنىڭ گۆشى سىزنىڭكى، سۆڭىكى بىزنىڭكى، ئەمدى مەن قايتاي.

مۇئەللىم دۇئا قىلىپ، قوللىرىنى يۈزىگە سۈردى. غىياسىددىنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى - دە، خەيرلەشتى. مۇئەللىم بالىلاردىن بىرىنى «بۇ يەرگە كەلگىنە بالام» دەپ چاقىردى. بالا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇئەللىم توقاچ ۋە قاتلىمىلار چىگىلگەن داستىخاننى بالىغا ئۇزىتىپ دېدى:

— بۇنى خانىم ئاناڭغا ئاپىرىپ بېرىپ تېز قايتىپ كەل، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ماقۇل، تەقسىر! — دېدى بالا ۋە داستىخاننى كۆتۈرۈپلا يۈگۈرۈپ كەتتى.

شاگىرتلارنىڭ دەرس تەكرارلىشى بىرئاز سۇسلىشىپ قالغانىدى. مۇئەللىم ئۇزۇن، ئىنچىكە تاياقنى قولىغا ئېلىپ ھاۋادا بىر ئايلاندۇردى:

— قېنى، تېز ئوقۇڭلار!

بالىلارنىڭ دەرس تەكرارلىغان ئاۋازى دەرھال ئەۋ-

جىگە كۆتۈرۈلدى. جاراڭلىق ئاۋازلار ئۆينى ياڭرىتىۋەتتى.
مۇئەللىم ئارچا ھىدى پۇراپ تۇرغان يېڭى تاختىغا قومۇش قەلەمدە چوڭ قىلىپ يېزىشقا باشلىدى.
— بايا ئېيتتىم، بۇ ئاللانىڭ نامى، ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئېلىپ! — دەپ ئوقۇدى ئەلىشىر ئىخلاس بىلەن.
— بە! — دېدى داموللا قومۇش قەلەم بىلەن كۆرسىتىپ.
— ب - ە...! دەپ ئوقۇدى ئەلىشىر سوزۇپ.
مۇئەللىم كىتىر - كىتىر قىلىپ قەلەم تەۋرىتىپ يېزىشقا باشلىدى. ئۇ پات - پاتلا توختاپ، ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ يېزىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى.
شاگىرتلار دەرس ۋاقتىدا بىر - بىرلىرىنى نوقۇپ، خىلمۇخىل ئويۇنلار، شوخ قىلىقلارنى چىقىرىشىپ تۇراتتى. مۇئەللىم تاختىنى ئۇزاتتى، ئەلىشىر خۇشال بولۇپ ئىككى قوللاپ ئالدى. تاختا يۈزى ھەرپلەرگە تولغانىدى.
— مانا، ئېلىپبە... ئوقۇ، بالام، — دەپ كىچىكلەر قاتارىدىن جاي كۆرسەتتى مۇئەللىم، — ئاۋۇ يەردە ئولتۇر، ئەتە يېڭى دەرس ئۆگىتىمەن.
ئەلىشىر خۇشاللىق بىلەن مۇئەللىمگە تەزىم قىلىپ، ئىنىق، جاراڭلىق ئاۋازدا ئېلىپبەنى تەكرارلاشقا كىرىشتى.
پېشىن ۋاقتى بولغاندا كىچىك باللار ئۆيىگە قايتۇرۇلدى. چوڭلارغا دەم ئېلىش بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن كوچىغا ئېتىلدى.
ئېلىپبەنى تەكرارلاۋېرىپ گېلى قۇرۇپ كەتكەن ئەلى بىر توپ باللار بىلەن بىرگە ئۆز مەھەللىسىگە ماڭدى.
— ئانا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق بېرىڭ! —

دەپ ئانىسىنىڭ قولىغا تاختىنى تۇتقۇزدى دەرۋازىدىن يۈگۈرۈپ كىرگەن ئەلىشىر ۋە دەرھال قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

— سەھەردىن تا ئاخشامغىچە كوچىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتىڭ، مانا ئەمدى ياخشى بولدى، ئەلى، پېشىندىن كېيىن ئوينىساڭمۇ بولىدۇ.

ئەلىشىر ئاپئاق ياغلىق بىلەن يۈز قوللىرىنى سۈرتتى.

— مەيلى، مەكتەپ ئۇلۇغ جاي، ئانا. ئۇ يەردە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىمەن، — دېدى ئەلىشىر چوڭلاردەك.

ئانىسى ئەلىشىرنىڭ ئالدىغا تاماق ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇپ، دەسلەپكى دەرس ھەققىدە، مۇئەللىم ھەققىدە سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※

كۈز پەسلى. قۇياش پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. سۇلار گويا ئېغىر ئويقۇغا چۆمگەندەك، ھالسىز سوزۇلۇپ ئاقاتتى. يوپۇرماقلىرى ئالتۇندەك سارغايغان دەرەخلەر قىمىر قىلمايتتى. دېھقانلار قاپ - تاغار، ئوتۇن، ئوت - چۆپ بېسىلغان ھارۋا، ئات، ئېشەك، خېچىرنى يېتىلىشىپ شەھەر تەرەپكە ئاستا مېڭىشاتتى. ھەممە كىشى قىشنىڭ غېمىنى قىلىشاتتى.

كىچىككىنە ئەلىشىرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا غېمى بار ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئانىسى بىر قاچا قايماققا يۇمشاق ناننى چىلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا قوياتتى، ئەلىشىر

ئۇنى ئالمان ـ تالمان يەپ، تاختىنى جىلتىسىگە سا-
لاتتى ـ دە، مەكتەپكە يۈگۈرەيتتى.

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنى ھۆرمەت قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ-
دىن ھېيىقاتتى. ئۇ يوغان گەۋدىلىك كىشى ئىدى. بې-
شىغا ھەمىشە يوغان سەللە ئوراتتى. ئۆسۈك قېشى
ئاستىدىكى كۆزلىرى مەنىلىك چاقنايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن
قىياپىتىدىن ئۇلۇغۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۆزبېك
تىلىدىن تاشقىرى، پارس ۋە ئەرەب تىلىنى مۇكەممەل
بىلەتتى. ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇ تىللاردىن دەرس بېرەتتى.
ساۋاتى چىققان ئوقۇغۇچىلار پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىر-
لىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئەلىشىر ئۇلارغا
ھەۋەس بىلەن قۇلاق سالاتتى.

ئەلىشىر تاختىدىكى ھەرپلەرنى سۇدەك بىلەتتى.
ھەر كۈنى ئۆيدە دەرسنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلايتتى.
دادىسىمۇ ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ تەكشۈرەتتى. ئەمما مۇئەللىمنىڭ
نېمىشقىدۇر ئۇنى ئېلىپبەدىن يۇقىرىسىغا چىقارغۇسى كەل-
مەيتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ ئەلىشىرنى يېنىغا
چاقىردى:

ــ بارىكاللا، قوزام، زېھنىڭ ئۆتكۈر ئىكەن. ئەتە
ھەپتىيەك ئەكەل! ــ داموللىنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە
تەبەسسۇم يېيىلدى، ــ موللا بولىدىغان باللار ھەپتى-
يەككە قوشۇپ قۇيماق ئەكېلىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە ئەكېلىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى
ئەلىشىر خۇشال بولۇپ.

پېشىن مەزگىلىدە مەكتەپتىن ئازاد بولغان باللار
شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىشىپ كوچىغا ئېتىلدى. بىر توپ

بالىلار ئەلىشىرنى چاقىردى:

— يۈر، چوڭ كوچىغا بارىمىز. بۈگۈن مەھبۇسلارغا جازا بېرىلىدۇ.

ئەلىشىر بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇردى - دە، ئاخىرى ئاغىنىلىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ كوچا تەرەپكە ماڭدى.

※ ※ ※

كوچىدا ئادەملەر ناھايىتى جىق ئىدى. كەمبەغەل ۋە ياللانما دېھقانلار توپ - توپ بولۇپ كېلىشكەنىدى، ھەممىسىنىڭ يۈزى قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىدە غەزەپ چاقنايتتى. ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. ساقچىلار قوللىرىدا دەررە تۇتقان ھالدا بەزىلەرنى ئىتتىرىپ، بەزىلەرنى تىللاپ، كىشىلەر توپىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئادەملەر توپى ئارىسىدىن قىستىلىشىپ يۈرۈپ مەيدان ئىچىگە ئۆتتۈۋالدى.

— ۋاي - ۋۇي، قاتار - قاتار دارلار قۇرۇلۇپتۇغۇ! — دېدى بىر بالا قورقۇپ تۇرۇپ.

— جاللاتلار كۆرۈنمەيدۇغۇ! — دېدى بالىلاردىن بىرى.

ئەلىشىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ دارلارغا قورقۇمسىراپ نەزەر تاشلايتتى، كۆڭلى پەرىشان ئىدى. دارلارنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقانىدى. ئۇ دادىسىدىن، بوۋىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن، دوستلىرىدىن دار، دەررە ۋە تۈرلۈك جازا قوراللىرىنىڭ

ئامىنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۇ دارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئەلىشىرنىڭ يەلكىسىنى تۇرتتى. ئەلىشىر قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. مۆكچىيىپ كەتكەن تونۇش ماتاچى بوۋاي ئۇنىڭغا ئېگىشىپ پىچىرلىدى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈردىسەن، ئۆيۈڭگە كەتكىن. بۇنى دار دەيدۇ! — دەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىنى شەرەت قىلدى ئۇ، — ھەر ھەپتىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش بۇ.

— يالغۇز ئەمەسمەن بوۋا، دوستلىرىم بار، غەم قىلماڭ، — دېدى ئەلىشىر ۋە چوڭلاردىن ئاڭلىۋالغان سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ سۆزى قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — دوزاختەك دەھشەتلىك ئىكەن. يېزىلاردىن كەلتۈرۈلۈپ سولانغان دېھقانلارمىش. بۇ ئاچ - يالىڭاچ بىچارىلەرنىڭ گۇناھى نېمىكەن؟

— ۋاي... قوزام، سۆزلىسەڭ گەپ كۆپ، لېكىن بۇ سۆزلەيدىغان يەر ئەمەس، — دەپ پىچىرلىدى ماتاچى، — بۇ جاھاندا زالىملار بەك كۆپ. كەمبەغەل، يالانئاياغ دېھقانلار بەگلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنمىش. بۇ غېرىبلارنىڭ يەيدىغىنى ئارپا نېنى، لېكىن شۇنىڭغىمۇ قورسىقى تويمايدۇ. ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! بەگلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ نەچچە مىڭ تاناپ يېرى بار، ئالتۇنلىرى ساندۇقىغا سىغماي قالىدۇ. ئاھ، خۇدا!

شۇ پەيتتە جاللاتلار بىلەن ئەسكەرلەر «پوش، پوش!» دەپ ۋارقىرىشىپ، يەتتە مەھبۇسنى ئەكەلدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى

يىرتىق ئىدى. چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، كىشەنلەنگەن پۇتلىرىنى تەستە سۆرەپ مېڭىشاتتى.

مەھبۇسلار ئارىسىدا ھىراتلىق بىر ياش يىگىت ۋە زىلۋا بويلۇق، قويۇق، ئۇزۇن چاچلىق، بېشىغا قېلىن رومال سېلىۋالغان بىر قىز بار ئىدى. كىشىلەر توپى بىر داۋالغۇپ جىمىپ كەتتى. لېكىن بۇ دەھشەتلىك سۈكۈناتنى مەھبۇسلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يىغىسى، ئەلەملىك پەريادى، پىغانلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. كۆپىنچىسى ئۈنسىز يىغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. يۈزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار دومىلاپ چۈشەتتى. بۇ يەردىكى مېھنەتكەشلەر ۋە غېرىبلارنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئىدى. ھەممىسىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، غەزەپلىك كۆرۈنەتتى. لېكىن پۈتۈنلەي بىپەرۋا تاماشىبىنلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بەزى سەركەردىلەر، سودىگەرلەر خۇش بولۇپ كىدىيىپ كېتىشكەنىدى.

— دارغا ئېسىش كېرەك بۇلارنى! قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ بۇ ئەبلەخلەر! پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئۆزى بېرىپ باستۇرۇپ تاشلىدى، — دېدى بىر لەشكەر.

ئۇچىسىغا پارقىراپ تۇرىدىغان شايى تون، پۇتىغا غاچىلداپ تۇرىدىغان مەسە - كالاچ، بېشىغا يېڭى دوپپا كىيگەن، خورازدەك قىزىل يۈزلۈك بىر يىگىت يېنىدىكى بىر كىشىنى نوقۇدى:

— قىز بىلەن يىگىتكە قاراڭ!

— ھە، بۇلار ئاشىق - مەشۇق ئىمىش! — دەپ كۈلدى ئۇ.

— قىزىق ئىش، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى يەنە بىر يىگىت، — ئىككىسى بىر مەھەللىلىك، يىگىت مەدرىستە ئوقۇپ، بىلىملىك، ناتىق بولۇپ يېتىشكەن. قىز بولسا كىشىنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرگۈدەك گۈزەل، تەمبۇر، دۇتارنى چېلىشتا تەڭدىشى يوق. دادىسى بىلەن بىللە ئەتلەس توقۇيدۇ. بۇنداق چىۋەر قىز جاھاندىن تېپىلمايدۇ، ئۆزى ساۋاتلىق، شائىرلىق تالانتىمۇ بار تېخى.

— بۇ گۈزەل ئۇسسۇل ئوينىيالامدىكەن؟ — دەپ سورىدى قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئەمەلدارلاردىن بىرى ۋە چۈشكۈرۈۋەتتى، — ۋايىيەي، شامالدىغان ئوخشايمەن.

— ئۇسسۇلدىمۇ تەڭدىشى يوق، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھېلىقى يىگىت، — دۆلەتمەنلەردىن بىرى قىزغا ئەلچى ئەۋەتىپتىكەن، قىزنىڭ ئانىسى: «مەن بىلىمەن، ئۇ كىشى باي، بىر تويدا مەن ئۇنى كۆرگەن، قېرىق ياشلارغا كىرگەن، ئورۇق، كۆزى كىچىك، سەت ئادەم. ئۇ كىشىگە بەرسەك قىزىمىزغا ئۇۋال بولارمىكىن» دەپتۇ. كېيىن ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ ئەلچىگە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ ۋە: «قىزىم، ئۇنىڭغا تەگسەك بايلىققا، ئالتۇن - كۈمۈشكە كۆمۈلۈپ كېتىسەن» دەپ قىزىنى كۆپ قىستاپتۇ. قىز بولسا: «ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى بار» دەپ ئەسلا ئۇنىماپتۇ. ئۇ بەگنىڭ پادىشاھىمىز بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئوخشايدۇ. ئاخىرى قىزنى بۇزۇق، يامان يولغا كىرگەن دەپ پادىشاھقا چېقىپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ قىز بىلەن يىگىتنى دارغا ئېسىشقا ئەمىر قىپتۇ.

— ياق، ياق، خاتا ئويلاپسىز، قىز بىلەن يىگىتنى

نىڭ ھەردىكىتى قوزغىلاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، — دېدى بىر كىشى، — بەگنىڭ قىزغا كۆڭلى چۈشكەن، ئەمما قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكتىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە، ئۇلار-نىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكىنى پاش قىلغان. ئەھۋال مۇشۇنداق، بۇرادەر.

كىشىلەر ئارىسىدا شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. مۇپتى ئاخۇ-نۇمنىڭ ياردەمچىسى پادىشاھنىڭ مەھبۇسلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى پەرمانىنى ئەكەلگەنىدى.

مۇپتىنىڭ ياردەمچىسى كىمخاب تون كىيگەن، شايى سەللە ئورىغان، قىسقا، قېلىن قارا ساقاللىق، كەڭ يەل-كىلىك كىشى ئىدى. ئۇ پەرماندىكى ھەربىر سۆزنى بىر-بىرلەپ، ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى. ھەممە كىشى سۈ-كۇتكە چۆمگەنىدى، ھېچكىم ئاۋازىنى چىقارمايتتى. بەزى-لەرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. بەزىلەر ئەلەمدىن خۇرسىنىشاتتى.

ئەلىشىرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ يىغ-لامسىراپ دارغا تىكىلەتتى، مەھبۇسلارغا قايتا - قايتا كۆز يۈگۈرتەتتى. مەدرىس تالىپلىرىغا ئوخشايدىغان بىر يىگىت ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى.

— ئۇكام، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. تېخى مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى جىق كۆرىسەن. بۇ جاھاندا زالىملار بەكمۇ كۆپ. پادىشاھلىق — قانخورلۇق دېمەكتۇر.

پىشەن پادىشاھان نىيست بەجۇز جەبرۇستەم،
ئەدلۇ، ئىنساپ ھەممە زىرۇ زەبەر مىبىنەم.

چۈشەندىڭمۇ بۇنىڭ مەنىسىنى؟ پارسچىنى بىلەمسەن؟

تۈركچىدە:

پادىشاھلار قىلمىشى جەبرۇ-زۇلۇمدۇر ھەر ئىشى،
ئادىللىقى، ئىنسابىنى كۆرگەن ئەمەس ھېچبىر كىشى.

دېگەنلىك بولىدۇ. كۆردۇڭمۇ ئۇكام، مەۋلانە ھاپىزنىڭمۇ بۇنداق قەبىھلىكلەردىن قەلبى يارىلانغانىكەن ئەمەسمۇ.

ئەلىشىر كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ھېس قىلىشىمچە، سىز ئوقۇغان بېيىتنىڭ مەنىسى مېنىڭ چۈشەنگىنىمدىنمۇ چوڭقۇرراق بولسا كېرەك، جاناب.

— بارىكاللا، ھوشيار ۋە زېرەك ئىكەنسەن، — دېدى سۆھبەتدىشى قىستاڭچىلىقتا ھېلى ئۇ پۈتنى، ھېلى بۇ پۈتنى يۆتكەپ، — بۇ يۆلەنچۈكسىز دېھقانلارنىڭ ھېچ گۇناھى يوق، ھە، ئۇلار گۇناھسىز. پۈتۈن بالا-قازا بەگلەردىن كېلىدۇ. نامرات دېھقانلار ئاچلىقتىن كېسەكنى غاجىلىغۇدەك ھالغا يەتكەن تۇرسا، قوزغىلاڭ كۆتۈرمەي نېمە قىلىدۇ؟ بۇ يىگىت بىلەن قىزنىڭ ۋەقەسى غايەت پاجىئەلىك. بۇلار جاھاندا مىسلىسىز پاك، ئېسىل ئادەملەر. بۇلار ھىراتتا بېشىغا چۈشكەن ئاپەتتىن قېچىپ، يېزىلاردا يۈرگەن. يىگىت كەمبەغەللەرگە ئەرز، شىكايەتنامىلەر يېزىپ بەرگەن. مانا كۆرۈۋاتىسەن، ئەمدى ئىككىلىسى دار ئۈستىدە تۇرماقتا. پادىشاھ ھەزرەتلىرى پەرمانغا قول قويۇپتۇ، مۇپتى ئاخۇنۇم بولسا بۇ يۆلەنچۈكسىزلەرنى ئەجەل گىردابىغا تاشلاشقا پەتىۋا چىقىرىپتۇ. بۇ بەختسىزلەر گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى كىمگە ئېيتالايدۇ؟ ھەقىقەتەن گۆھەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولىدۇ!

ئەلىشىر ھەيران بولۇپ، ئاڭلىغانلىرىنى ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىشقا تىرىشاتتى. مەدرىس تالىپى ئۈنچىقمىدى. ئەلىشىر ئاستا گەپ باشلىدى:

— تەقسىر، توغرا ئېيتتىڭىز، مەن چۈشەندىم، ئادەملەرگە قارىسام ھەممىسى ئۇلارغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتىدۇ. ئۆلۈم دېگەن قورقۇنچلۇق — دە، قاراڭ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ رەڭگى ئۆچۈپتۇ، سامانىدەك سارغىيىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت ئۆزئارا پەچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتىدۇ. كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھالىغا شەھەر ئەھلى يىغلىشىۋاتىدۇ، — ئەلىشىرنىڭ كۆز ياشلىرى يەنىمۇ بەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مەيدان دەھشەتلىك سۈكۈتكە چۆكتى. جاللاتلار دېھقانلارنىڭ باشلىرىغا نىقاب كىيدۈرۈپ، بىر - بىرلەپ دار ئاستىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن دارغا ئاستى. جاللاتلارنىڭ كۆزلىرى كىچىك ئىدى، يۈزلىرى ئىپادىسىز كۆرۈنەتتى. ئۇلار گويا بېجىرىدىغان ئىشلىرىدىن مەمنۇن بولغاندەك، مەغرۇرلۇق بىلەن قېتىپ تۇراتتى. دېھقانلار بولسا ئۆلۈم چاڭگىلىدا بوغۇلۇپ، تىپىرلاپ، قاتتىق ئازاب چېكىپ، ئاستاغىنا جىمىپ قېلىشاتتى. جاللاتلار يىگىت بىلەن قىزنىڭ قوللىرىنى يەنىمۇ چىڭراق باغلىدى. «ئەلۋىدا ئەزىزىم!» دېدى يىگىت مەغرۇر ھالدا. «سەن بىلەن بىللە كېتىۋاتىمەن، بۇنى بەخت دەپ بىلىمەن، بىز گۈلدەك پاكمىز!...» دەپ جاۋاب بەردى قىز پىچىرلاپ، غەزەپتىن چىرايى قارىيىپ كەتكەن يىگىت ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنى زورلاپ كۈلۈمسىرىدى. «جېنىم، ئەزىزىم، زۇلۇم دۇنياسىدىن قۇتۇلى-

ددىغان بولدۇق، گەرچە ...» دېدى، لېكىن سۆزىنىڭ داۋامىنى ئېيتىشقا ئۇلگۈرەلمەدى.

مەيدان قورقۇنچلۇق جىمجىتلىققا چۆككەن، ئەلىشىرنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ توپ ئارىسىدىن چىقتى، ئارقىسىغا قاراشقىمۇ كۆڭلى تارتماي، توختىماي يۈگۈرۈپ كەتتى.

※ ※ ※

ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغانىدى، ئاندا - ساندا يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. ئەلىشىر تاختىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— نەگە باردىڭ؟ — دەپ سورىدى ئاشخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئانىسى ئەنسىرەپ.

— ئانا، ئانا! — ئەلىشىر ھاسىراپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۆزلەپ كەتتى، — مەيدانغا بارغانىدىم. جىق كىشىلەر يىغىلىپتۇ. جاللاتلار دېھقانلارنى ئاستى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم...

ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئەلەم بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇنداق جايلارغا ھەرگىز بارما دېگەنىدىمغۇ، ئەلىجان! ترغرا يولدا ماڭ، پاك بول، جېنىم بالام. خۇدادىن كۆڭلۈڭنىڭ ئازار يېمەسلىكىنى، قەلبىڭنىڭ پاك بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئانا ئوغلىنى قۇچاقلاپ يۈزلىرىدىنى مېھرى بىلەن

سىلىدى.

— بەك قورقتۇم. يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كېتەي دېدى، لېكىن قېچىپ كەتمىدىم، ئانا، ئەپۇ قىلىڭ، ئەمدى ئۇ مەيدانغا ئەسلا بارمايمەن.

— خاپا بولما، يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ تاماققا ئولتۇر.

ئەلىشىر تاختىنى تەكچىگە قويۇۋېتىپ، ئاشخانىغا كېتىۋاتقان ئانىسىغا:

— تاماق يېمەيمەن، كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس، — دېدى.

※ ※ ※

كۈز. يەرگە تۆكۈلگەن پوپۇرماقلار خۇددى گىلەمدەك كۆرۈنەتتى. سۈزۈك ئاسماندا قۇياش پارقىراپ تۇرسىمۇ، كۈزنىڭ ئۆتكۈر سوغۇق شامىلى يۈز ۋە قوللارنى يالاپ مۇزلىتاتتى.

كەڭ خانىقادىكى قات - قات بورىلار ئۈستىگە قېلىن، يېڭى كىگىز، تۆر تەرەپكە بولسا كونىرىغان ئىران گىلىمى سېلىنغانىدى. دېرىزىلەرگە چاپلانغان مايلىق قەغەزلەردىن ئۆتۈپ كىرگەن كۈن نۇرى ئۆينى ئانچە يورۇتالمايتتى، شۇڭا ئۆي ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. بۇ شاھزادىلەر ۋە بەگزادىلەرگە خاس مەكتەپ ئىدى. ئەلىشىر شۇلارنىڭ قاتارىدا، دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ مۇئەللىمدىن يوشۇرۇنچە قىلىۋاتقان شوخلۇقلىرىغا ئارىلاشمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پىچىرلاشقان

ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالمايتتى. ئۇنى دەرسنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە تارتىۋالغانىدى. شاھزادە ھۈسەيىن بەزىدە ئۇنى نوقۇپ قوياتتى، بۇنداق چاغلاردا ئەلىشىر چۆچۈپ كېتەتتىيۇ، يەنە پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشىپ كېتەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا پىچىرلاشقان ئاۋازلىرى مۇئەللىمگە ئاڭلانمايتتى. بەزىدە ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالسا، مۇئەللىم گۇناھكارنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ تەرتىپ ئورنىتاتتى. شۇئان دەرس تەكرارلىغان ئاۋازلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار قۇرئاننى، بەزىلىرى ھەپتىيەكنى، بەزىلىرى ئېلىپبەنى، يەنە بەزىلىرى ئەرەبچە دىنىي كىتابلارنى قىرائەت قىلاتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا پارسچە غەزەللەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيتتى.

مۇئەللىم بېشىغا قازاندەك سەللە ئوراپ، قاتمۇ - قات تونلارنى كىيىۋالاتتى ۋە سالاپەتلىك قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىگە ئالدىرىماي ساۋاق بېرىشكە باشلايتتى. بەزىدە بەگلەر ياكى شاھزادىلەردىن بىرەرى مۇئەللىمگە سالام بېرىش ئۈچۈن كىرىپ كېلەتتى ۋە بىردەم سۆھبەتلىشىپ چىقىپ كېتەتتى.

ئوقۇغۇچى شاھزادىلەر مەكتەپتىمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشاتتى. دەرسلىرىنى چالا - چۇلتا تەكرارلاپلا ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلايتتى. ئۇلار ئوقىيا ئېتىش، ئات چاپتۇرۇش، قىلىچۋازلىق، ساۋۇت، قالقان، كېلەچەكتە كىمنىڭ قەيەرگە ھاكىم بولىدىغانلىقى ... توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. قىسقىسى، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا

تەخت تالىشىش كۆرەشلىرىگە قاتنىشاتتى.

ئەلىشىر قۇرئاننىڭ مېغىزىنى چېقىشقا كىرىشكەنىدى. پارس تىلىنى ياخشى بىلەتتى، لېكىن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە ئەمدىلا كىرىشكەنىدى. تۈركىي تىل بولسا ئۇنىڭ ئانا تىلى بولغانلىقتىن، تۈركىي تىلىدىكى بېيىتلارنى زور ھەۋەس بىلەن ئوقۇيتتى. تۈركىي تىلدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان غەزەللەرنى يادلىۋالغانىدى. ماقال ـ تەمسىللەرنى، مەسەل، رىۋايەتلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى.

توساتتىن كوچىدا شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. ئىشىكتىن مۇئەززىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەلدەگىشىگىنىچە مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. گېپى بىر ـ بىرىگە قولاشمايتتى. ئۇ بەك ھودۇقۇپ كەتكەنىدى.

ــ سارايدىكى بەگلەر بىلەن كېنىزەكلەر ماتەم كىيىمى كىيىۋېلىشقانىمىش. ئۇلۇغبېك ھەزرەتلىرى كېلەرمىش. شاھرۇھ پادىشاھ ۋاپات بولغانىمىش، ــ دېگەن سۆزلەرنى ئارانلا دېيەلىدى ئۇ.

ــ ئىسىت، شاھ ئالىيلىرى ئېغىر كېسەل ئىدى، ــ دېدى مۇئەللىم ۋە تىترەپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇدى.

شاھزادە ھۈسەيىن ۋە باشقا شاھزادىلەر جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئۇلار مۇئەللىمگە ئەگىشىپ قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرۈپلا گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەكتەپ بىردەمدىلا بوشاپ قالدى. مەكتەپ سارايغا يېقىن بولسىمۇ، شاھزادىلەر سەكرەپلا ئاتقا مىنىشىپ، چاپتۇرۇپ

كېتىشتى.

ئەلچىسىر خاموش هالدا جىم ئولتۇراتتى. مۇئەللىمنىڭ «قايتىڭلار!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا، ئەلچىسىر بىرنەچچە بەگزادىلەر بىلەن بىللە ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ كىتابىنى جىلتىسىگە سېلىپ بويىنىغا ئاستى. چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆگىلىپ قېلىپ ئورنىدىن تۇرالماي ۋاتقان مۇئەللىمنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ قويدى. كېيىن مۇئەللىمگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

چوڭ مەيدان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

هەممەيلەننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى. بۇ يەردە ماتاچىلار، موزدۇزلار، كونا ماتا يەكتەكلىك بىچارىلەر كۆپ ئىدى. كىشىلەر توختىماي پىچىرلىشاتتى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى جەڭ مەيدانىدا ۋاپات بولغانمىش.

— تاڭ ئاتقاندا قەسرگە ئەكېلەرمىش.

— قېرىپ ۋاپات بولدى. ئۇلۇغ ئاتىسى تۆمۈردىنمۇ ئۇزاق ياشىدى.

— شاھزادىلەر ئاتىسىنى دەپنە قىلماستىنلا تەخت تالاشقىلى باشلىدى.

— ئۇلۇغبېك ھەزرەت سەمەرقەنتتىن لەشكەر تارتىپ كېلەرمىش ...

بۇ يەرگە ئالىملار، شائىرلارمۇ كەلگەنىدى. مانا،

جامىي ئۇلۇغۋار قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. ئۇ بېشىغا چوڭ سەللە يۆگىگەن، ئۇچىسىغا ياقىسىز كۆڭلەك، ئەتىرەڭ تون كىيگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. «شاھرۇھ ئۆلدى، تۆمۈر خاقان سەلتەنىتى شۇنىڭ بىلەن تامام بولسا كېرەك. ئەمدى شاھزادىلەر بىلەن بەگلەر يەنە ئۇرۇش قوزغايدىغان بولدى. قانلىق جەڭلەر زادى تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ. شاھرۇھ ھەزرەتلىرىنىڭ نەپسى توختاش بىلەنلا جاڭجال قوزغۇنى كۆتۈرۈلدى. ھۇ، ئىنسابسىزلار! «ھەي ... ھەممە ئادەم ئاخىر بىر كۈنى تۇپراققا كۆمۈلىدۇ. ئاھ، بىۋاپا دۇنيا» دەپ ئويلايتتى جامىي. ئۇ يېقىندىكى دوستىنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتتى ۋە ھازىرلا ئىجاد قىلغان يېڭى شېئىرىنى پەس ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى. بەگلەر، ئەمەلدارلار، قازىلار، شەيخلەر ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى باشقا - باشقا شاھزادىلەرنى تەخت ۋارىسلىقىغا مۆلچەرلىشەتتى. مەلىكە گۆھەر شاد ئايىمنىڭ ھىيلە - مىكرى ئەۋجىگە چىققانىدى. ئۇ نەۋرىسى ئەلەۋۇددەۋلەنى ئۇلۇغبېك ھەزرەتتىن ياخشىراق، دەپ قارايتتى. ئۇزاقتىن بېرى ئۇنى بوۋىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىش نىيىتى بار ئىدى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى شاھرۇھ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا، گۆھەر شاد ئايىم دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئالغان، ھەتتا ئۇ شاھرۇھتىن ئەلەۋۇددەۋلەنى تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. شاھرۇھ بولسا تەختنى ئوغلى مۇھەممەت جوقىغا تاپشۇرۇشنى

ئۇيلايتتى، ئەمما بۇ ئارزۇسى ئۇنىڭ پەقەت كۆڭلىدىلا قالغانىدى. چۈنكى ئۇ مەلىكىدىن ھېيىقاتتى. مەلىكە پۈتۈن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇردىنىڭ ئىشلىرىغا مۇھەممەت جوقىنى ئەسلا يېقىن كەلتۈرمەيتتى. پەقەت ئەلەۋۇددەۋلە بىلەن ئابدۇللەتىپنىلا قاتناشتۇراتتى. مۇھەممەت جوقى شاھرۇھتىن ئىككى يىل ئىلگىرى ۋاپات بولدى. مانا ئەمدى شاھرۇھمۇ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن پەقەت ئۇلۇغبېك ھايات قالغان. نەۋرىلەر بولسا سانسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەختكە چاڭگال سېلىشقا تەييار تۇراتتى.

شاھرۇھ جان ئۈزگەندە، جەڭ مەيدانىدا گۆھەر شاد ئايىم بىلەن ئابدۇللەتىپ بار ئىدى. مەلىكە ئابدۇللەتىپنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا ھىراتقا، ئەلاۋۇددەۋلەنىڭ ئالدىغا چاپارمەن ئەۋەتتى. بۇنى بايقاپ قالغان ئابدۇللەتىپ دەرھال مومىسىنى قاماققا ئېلىشنى بۇيرۇدى. لېكىن ھىراتتىن يېتىپ كەلگەن ئەلەۋۇددەۋلە گۆھەر شاد ئايىمنى ئازاد قىلىپ، ئابدۇللەتىپنى قاماپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھرۇھنىڭ جەسىتى ھىراتقا كەلتۈرۈلدى.

ھىراتتا دەپنە مۇراسىمى تۆمۈرىيلەر خاندانىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە زور تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ، شاھرۇھنىڭ جەسىتى گۆھەر شاد ئايىم نامىدىكى مەدرىسكە دەپنە قىلىندى. كىچىككىنە ئەلىشىر بۇ ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. ئۇ سارايدىكى ۋە شەھەردىكى سۆرەن ـ چۇقانلارنى، دادىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى

كۆزىتەتتى. ئۇ شاھ ۋە سۇلتانلار ئارىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىدە ئاتا بىلەن بالا، بوۋا بىلەن نەۋرە لەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلەشكەتە يىپارلىنىۋاتقانلىق لىرىنى سېزىپ ئەپسۇسلىناتتى. «بۇ نېمىدېگەن قەبىھلىك» دەپ قايغۇراتتى.

— ئوغلۇم! — دېدى دادىسى ئەلىشىرنى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، — تۆمۈر سۇلالىسى ئاخىرلاشتى، شاھزادىلەر ئۆزئارا قىرغىنچىلىق باشلىدى. بۇ قالايمىقان چىلىق ئىچىدە بىزگە ئامانلىق يوق.

※ ※ ※

قىشنىڭ شىۋىرغانلىق كۈنى، ئۇچقۇنلاپ قار ياغماقتا. غىياسىدىن نەقىشلىك كىچىك مېھمانخانىدا مىرسەئىد بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. چوغدانىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئۆينى ئىسسىتىۋەتكەنىدى.

ئۇزۇن، قېلىن پاختىلىق چاپان، تەلپەك كىيگەن ئەلىشىر ياڭاق ئويناپ ھېلىلا قايتقانىدى. ئۇ ئىشقى ۋە دىنىي تېمىدىكى بىر تۈركىي شائىرنىڭ غەزىلىنى پىچىرلاپ ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— قېنى، ئوقۇڭ جېيەن، ئۈنلۈكرەك ئوقۇڭ، بىزمۇ ئاڭلايلى، — دېدى تاغىسى مىرسەئىد.

ئەلىشىر لاپپىدە تاغىسىغا قارىدى.

— ئۆزىڭىز شائىرغۇ، سىز ئوقۇسىڭىز يارىشىدۇ. مەن خاتا ئوقۇپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

چار ساقاللىق، ئۆسۈك قاشلىق مىرسەئىد كۈلۈمسىرىدى.

— يۇرىكىم ھېسسىيات ۋە زوقـقا تـولغان، ئەمـما
شېئىر ئىجاد قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىلھام كېرەك. بـالام.
مەن پەقەت ئەرمەك ئۈچۈنلا قەلەم تەۋرىتىپ قـويىمـەن.
مېنىڭ پەممىچە، سەن شائىر بولىسەن، زېھنىڭ ئۆتكۈر، —
دېدى تاغىسى ۋە ئەلىشىرگە تىكىلىپ قارىدى، — پارس
شائىرلىرى يۈكسەك تۈيغۇلار، چوڭقۇر پـىكىرلەر بـىلەن
تولغان ئاجايىپ شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. بىزنىڭ شائىر-
لىرىمىزمۇ ئۇلارنى دوراپ، پـارسـچە شـېئىر يـېزىـشـنى
ئادەت قىلىشۋالدى. بىزنىڭ تۈركىستان ۋادىلـىـرى كـەڭ،
تاغلىرى ئېگىز يۇرت. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئـۆزىـمىزگـە
خاس ئادەتلىرىمىز، ئەنئەنىلىرىمىز، قوشاقلىرىمـىز، كـۈيـ
لىرىمىز، داستانلىرىمىز، چۆچەك - رىۋايەتلـىرىمىز بـار.
بۇلار بىزنىڭ بايلىقىمىز. بولۇپمۇ تىلىمىز گۈزەل، شېرىن
ۋە رەڭدار. بالام، سەن ئۆز يولۇڭنى تاپقىن.
— ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قـىلدىڭىز،
مىرىم، مۇشۇ ئادىتىڭىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى
مەمنۇنىيەت بىلەن غىياسىدىن كىچىك، — لېكىن ئەلىشىر
ئاۋۋال تىرىشىپ ئوقۇسۇن، بىلىمـلىك بـولسۇن، ئۇنىڭ
تىرىشچانلىقى ياخشى، بەلكى شـېئىرىيەت بـۇلـىقىنى
تاپار.
شۇ پەيتتە كوچىدىكى بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چـۇرۇڭ
ئاۋازى ئاڭلىنىپ قـالدى. ئەلىشىرنىڭ ئـىرغىـپ تـۇرۇپ
كوچىغا يۈگۈرگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن پىكىر يـۈرگۈزۈشتىن
ۋاز كەچمىدى.
غىياسىدىن كىچىك بىلەن مىرسەئىد سۆھبەتنى
داۋام قىلدى.

— شاھرۇھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شاھزادىلەر تەخت تالىشىش بىلەن بەند بولۇپ، خەلقنى، يۇرتنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتى، — دەپ ئالدىرىماي سۆزلىدى مىرسەئىد، — پەقەت ئۇلۇغبېكلا ساھىبقىران بوۋىلىرىنىڭ دۆلىتىگە ۋارىس بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ زاتنى ئاسترونومىيىدە كەشپىيات ياراتقان ئالىم دېسەك خاتا بولمايدۇ. ئەپسۇسكى ۋەزىرلىرى، بەگلىرى ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ھەممىسى جاھىللار.

※ ※ ※

— پۈتۈن پالاكەت شۇنىڭدىكى، — دېدى غىياسىددىن كىچىك ئەلەم بىلەن. — ئۇلۇغبېك ھەزرەت ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئىگىلىگەن ئالىم، دانىشمەن سۇلتاندۇر، ئەمما...، ئۇ كېيىنى توختىتىپ، خىيال سۈرۈۋاتقان ئەلىشىرگە كۆز تاشلاپ قويدى.

— ھە، شاھزادىلەر ئۇنىڭ پۈتىغا پالتا چاپارمىكىن، دېمەكچىغۇ سىز، — دېدى مىرسەئىد، — بۇ شاھزادىلەرنىڭ بىرەرسىدىمۇ قەلب، ۋىجدان، ئەقىل دېگەن نەرسە يوق.

شائىر دۆلەتنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى، خەلقنىڭ كەمبەغەللىكى، ھايلارنىڭ، بەگلەرنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە چۆكۈپ كەتكەنلىكلىرى، گۆھەر شاد ئايىمنىڭ پەقەت دۆلەتنىڭ پۇلىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىۋالىدىغانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ بولسا خەلقنىڭ يەۋاتقان نېنىنى ئاغزىدىن يۇلۇۋېلىشنى ئويلايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىدى. شائىرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقى، ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى غىياسىددىن كىچىك پەس ئاۋازدا، — مىللىتىمىز ئۇلۇغ، خەلقىمىز قابىلى-

يەتلىك. بىز خەلققە تايىنىشىمىز كېرەك، — ئۇ نېمىدۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراپلا ئورنىدىن تۇردى، — قېنى مەرھەمەت، مەسچىتكە يۈرۈڭ، جۈمە نامىزىنى بىللە ئوقۇيلى.

ئەلشىر دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سەللە، چاپانلىرىنى ئېلىپ بەردى.

※ ※ ※

باھار. ھەممە ياق نەپىس گۈللەر، يۇمران كۆكتاتلار بىلەن بېزەلگەن. ھىرات گۈللەرگە كۆمۈلگەن. دەريالاردا سۇ تولۇپ ئاقماقتا. بەزى كىشىلەر تار يوللاردا خىيال سۈرەتتى، بەزىلەر شېئىر يازاتتى ۋە شېئىرىيەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئەمما بۇ خاتىرجەملىك ئۇزاققا بارمىدى. شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك جەڭلەر، قانلىق ئۇرۇشلار بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. ھىرات ئىسيان ئىچىدە، پۇقرا تەشۋىشتە قالدى. شەھەردىكى بەگلەر، ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىغۇچىلىرى كۆپ ئىدى.

غىياسىدىن كىچىك مەھكىمىسىدىن ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى.

— ۋەزىيەت خەتەرلىك، — دەپ خوتۇنىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۇ، — ھەممە ئۇلۇغلار، بەگلەر، بايلار شەھەردىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىشىۋاتىدۇ. ئەلشىر قېنى؟ بىز مۇيولغا چىقىشقا تەييارلىنايلى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى گۈلبىكە ئايىم

ھەيران بولۇپ.

— پادىشاھ جەگدە، ئۇ بۇلقاسىم بابۇر باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىر تەرەپتە ئابدۇللەتىپ، ھىراتتىن كەتمىسەك جېنىمىز ئامان قالمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، بىردەم جەڭ، بىردەم سارايدا ماجىرا، — دېدى گۆلبىكە ئايىم ئەلەم بىلەن ۋە دەرھال ئۆي سەرەمجانلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

يېرىم كېچە. غىياسىددىن، خوتۇنى ۋە ئەلىشىر سەپەر كىيىملىرىنى كىيىپ خۇرجۇنلار ئارتىلغان ئاتلار بىلەن يولغا چىقتى. غىياسىددىن كىچىك ئۆزىدىن ئاۋۋال يولغا چىققان دوستلىرىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ قالدى.

※ ※ ※

غىياسىددىننىڭ ئائىلىسى بىرنەچچە يېقىن قېرىنداشلىرى ۋە قوشنىلىرى بىلەن بىللە ئىراق تەرەپكە ماڭغانىدى. ئۇلار سەپەر جاپاسىنى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن، ئاخىرى يېرىم كېچىدە تافت شەھىرىگە كېلىپ توختىدى.

بۇ يەرنىڭ ئىسسىق ھاۋاسى باللارنى قورقۇتالىدى. ئەلىشىر تاڭ ئاتقان ھامان بىر توپ تەڭتۇشلىرى بىلەن دەرھال كوچىغا ئېتىلدى. ئۇلار توختىغان يەرنىڭ يېنىدىكى مەسچىت ئەتراپىنى ئايلىنىپ، خانىقاغا بېشىنى تىقىشتى.

خانىقادا كەڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەن ئۇزۇن ساقاللىق بىر بوۋاي يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ باللارنىڭ ۋالڭ - چۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىتابتىن باش

كۆتۈردى.

— بالىلىرىم، ئېيتىڭلارچۇ، قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

ئەلىشىر دەرھال دوستلىرىغا قارىدى. ئۇ ھەممەيلەننىڭ جىم تۇرغانلىقىنى، بىرەرسىنىڭمۇ ئېغىز ئاچمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بوۋاينىڭ يېنىغا باردى ۋە ئەدەب بىلەن تەزىم قىلدى:

— كۆپ جاپا چېكىپ ھىراتتىن كەلدۇق، تەقسىر! قېرى شاھىمىز ۋاپات بولغانىدى، شاھزادىلەر ئۆزئارا سوقۇشقىلى تۇردى...، — ئەلىشىر بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن دادىللىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — قىرغىنچىلىق باشلىنىپ كەتتى.

— ئاپلا...، — بوۋاي ساقىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ بىر-دەم جىم تۇردى، — ھىم... شاھ ۋاپات بولدى، شاھزادىلەر بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، دەڭلار، — ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆزلىرىنى قىسىپ سورىدى، — ئوغلۇم، ھەممىڭلار تۈرك ئىكەنسىلەر. مەكتەپكە بارغانمىدىڭىز، بالام؟

— بارغان، «قۇرئان شەرىف» نى ئوقۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلىشىر جىددىيلىك بىلەن.

— قەيەرگىچە ئوقۇغانىدىڭىز؟

— مۈلك سۈرىسىگىچە.

بوۋاي ئەلىشىرنى يېقىنراق كېلىشكە ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە قاقتى.

— رەھمەت، تەقسىر! — دېدى ئەلىشىر قىزىرىپ ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئوغلۇم، ئېرىقتىن سۇ ئەكېلىپ بەرگىن، — دېدى

بوۋاي بوسۇغا يېنىدىكى چوگۈننى شەرەت قىلىپ كۆرسىتىپ.
ئەلىشىر بىردەمدىلا چۆگۈننى سۇغا تولدۇرۇپ، جايىغا ئەكېلىپ قويدى. بوۋاي بالىنىڭ تېتىكلىكى، چېچەنلىكى ۋە سەممىيلىكىگە زوقلاندى.
— رەھمەت، كېلىپ تۇرغىن، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي سەمىمىي ھالدا.
بالىلار كوچىغا مېڭىشتى. ئۇلار يەنە بىر مەسچىتنى، ئۇنىڭ يېنىدىكى مەكتەپنى كۆرۈپ بولۇپ بازارغا كىردى. بازاردا ئادەم كۆپ ئىدى. بىر - بىرىگە ياندىشىپ كىچىك - كىچىك باققاللىق دۇكانلىرىدىن تارتىپ ئەتلەس، شايى، مىلىش مال دۇكانلىرىغىچە ھەممىسىدە سودا - سېتىق باشلىنىپ كەتكەنىدى. كوچىنىڭ ھەممە يېرى سېتىقچىلار ۋە خېرىدارلار بىلەن تولغانىدى. بەزىلەر سۇپۇرگىسىنى، بەزىلەر سېۋەتنىكى ئىسسىق نېنىنى ماختايتتى. ياماق چاپانلىق بىر كىشى بىر زەمبىل خورمىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:
— ئاۋاتتەك خورما! تاتلىق خورما! ماختىغۇچىلىكى بار خورما، ئېلىۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى.
بالىلار قۇشقاچ بالىلىرىدەك چۇرۇقلىشىپ ئۇنىڭغا كۆررىدە يېپىشتى:
— مەن ئالاي!
— ئاۋۋال ماڭا بېرىڭ!
— ماڭا بەش تىيىنلىك تارتىپ بېرىڭ، ئاتا!
ئۇلار بىر - بىرلىرىنى ئىتتىرىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، بوۋايغا پۇل ئۇزىتىشتى.
ئەلىشىر كۈلۈمسىرەپ پۇل ئۇزاتتى، بوۋاي سورىدى:
— قەيەردىن كەلدىڭىز، ئوغلۇم؟

— ھىراتتىن، ئاتا. سىلەرنىڭ بۇ شەھەر ئىمارەتلىرى كۆپ، سۈيى كۆپ پاكىز شەھەر ئىكەن، لېكىن مەكتەپلەر خارابىلىشىپ كېتىپتۇ. باللار ساۋاتسىزكەن.

خورما ساتقۇچى بوۋاي كۈلۈپ كەتتى:

— ئەي مولام، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممە ئادەم ساۋاتسىز.

ئەلىشىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭگە قارىۋېلىپ جىددىي ئاھاڭدا يەنە سۆز باشلىدى:

— بىزنىڭ مۇئەللىمىمىز ساۋاتسىزلىق قارىغۇلۇقتۇر، دېگەن.

بوۋاي بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن ئەلىشىرگە باشتىن - ئاياغ سەپسالدى:

— جاھان شۇنداق يارالغان، ئوغلۇم. بىز تىرىكچىلىك غېمىدە مۈكچىيىپ كېتىمىز. مەكتەپتە بايلارنىڭ، ئىشانلارنىڭ باللىرى ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالتۇنى، يەر - زېمىنى كۆپ، سودىسى ئىتتىك. بىزدەك غېرىب، نامراتلارنىڭ يانچۇقى قۇرۇق، دەردى كۆپ. بۇ گەپنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئوغلۇم.

ئەلىشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يەرگە قاراپ جىم تۇراتتى.

— ماڭە، ئەلى، ئەزمىلىك قىلما! — دەپ تارتتى ئۇنى ئاغىنىلىرىدىن بىرى.

ئەلىشىر خورمىچى بوۋايغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاغىنىلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

باللار شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر مەدرىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىردى. مەدرىس خىشتا سېلىنغان بولۇپ، ئۇ-

نىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا ئويما نەقىش قىلىپ ئايەتلەر پۈتۈلگەنىدى. باللار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇ نەپىس سەنئەت نامايەندىلىرىنى تاماشا قىلدى.

— ئاجايىپ چىرايلىقكەن، ماھىر ئۇستىلار ياساپتۇ بۇلارنى...، — دېدى باللاردىن بىرى.

— بۇ يەرنىڭ ئۇستىلىرى ھەقىقەتەن مەشھۇركەن. بۇنى بوۋامدىن ئاڭلىغانىدىم، — دېدى قارىمۇتۇق بالا.

— ياخشى مەدرىس ئىكەن. بايلار ياساتقان بولسا كېرەك، — دېدى يەنە بىرى.

— نەدىكىنى، بۇلارنى خەلق ياراتقان! — دېدى بىر بالا كۆزىنى يوغان ئېچىپ.

ئەلشىر نەپىس نەقىشلەرنى، ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان ئايەتلەرنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلدى.

باللار بايلارنىڭ چوڭ دەرۋازىلىق، مۇستەھكەم بىنالىرىنى، كەمبەغەللەرنىڭ كىچىك، زەي، زىندانغا ئوخشاش قاراڭغۇ، لاي سۇۋاق، كۆرۈمسىز ئۆيلىرىنى كۆردى. ئۇلار چوڭ - كىچىك كوچىلاردا مېڭىۋېرىپ ھېرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئارقىسىغا قايتىشتى.

جامائەت بىر جايغا توپلىنىپ، ھىراتقا قايتىش پۈرسىتى كەلگەنلىكى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى ۋە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن ئات ۋە تۆگىلەرگە مىنىپ يولغا چىقىشتى.

ئەلشىر ياۋاش، چىرايلىق سەمەن ئېتىغا مىنگەنىدى. يولدا بېكەتلەر، يېزىلار، شەھەرلەر، كىچىك - كىچىك كۆركەم باغلار، تولۇپ ئاققان دەريالار ئۇچرايتتى.

ئەلىشىر يولبويى پۈرۈلداپ ئۇچۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن كەكلىكلەرنى، قىرغاۋۇللارنى، ئوقتەك ئېتىلىپ چىپىپ كېتىۋاتقان جەرەنلەرنى، ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتلەرنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىپ ماڭاتتى.

يىگىتلەر بەزىدە جەرەن ئېتىۋېلىپ، جامائەت ئارام ئېلىشقا توختىغاندا كاۋاپ قىلاتتى، ئوتقا پىژىلداپ ماي تامغاندا، ئەتراپقا مەززىلىك پۇراق تارقىلاتتى. كېچىلەردە ئاسمان بەك كەڭ، يۇلتۇزلار پەس كۆرۈنەتتى، كۈمۈش تاۋاقتەك كۆرۈنىدىغان ئاي بولسا گويا كارۋان بىلەن بىللە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەلىشىر سەپەردە ئاڭلىۋالغان ئەرەب ناخشىلىرىنى ۋە چۆچەكلىرىنى تەكرار ـ تەكرار خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ باراتتى.

ئات ئۈستىدە ئۇنى ئاستا ـ ئاستا شېرىن ئۇيقۇ باستى. ئۇ ئاستا چايقىلىپ كېتىۋاتقىنىدا چۇلۋۇر قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئات ئۈستىدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشكىنىنى سەزمەستىن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. كارۋان بولسا بىر خىل سۈرئەتتە يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ئات بالىنىڭ بېشىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپتا ئاستا ئايلىنىپ ئوتلاشقا باشلىدى.

ئەلىشىر تۇساتتىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. بىپايان چۆلدە ئېتى بىلەن يالغۇزلا قالغانىدى. قۇياش تېخى ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرمىگەن بولۇپ، بالىنىڭ ۋۇجۇدى سوغۇق تاڭ شامىلىدا مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئاتمۇ كىشنەپ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئەھۋالنى چۈشىنىپ، دەرھال ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى، لېكىن ئېگەرگە قانداق قىلىپ مىنگۈ-

لۇك؟ ئاتنى تۆگىگە ئوخشاش چۆكتۈرگىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ خېلى يىراق يەردە چوقچىيىپ تۇرغان يوغان بىر قارا تاشنى كۆردى ۋە ئاتنى شۇ تەرەپكە يېتىلەپ باردى، ئاتقا مىنىۋالغاندىن كېيىن چاپتۇرۇپ كەتتى.

كىچىك چەۋانداز بەزىدە بېشىدىكى كۆركەم قالپىقىنى قولى بىلەن بېسىپ قوياتتى. ئاسمان سۈزۈك ئىدى. ئۇپۇقتا ئەمدىلا پەيدا بولغان قۇياش كۆڭۈلگە يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ئۇزاقتا ئاللىقانداق تۇتاش چېدىرلار كۆرۈندى.

ئەلىشىر جامائەت قونغان مەنزىلگە يېتىپ كەلگىنىدە، ئاتا - ئانىسى ھۆكۈرەپ يىغلىشىۋاتاتتى، ئۇلار ئەلىشىرنى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاشتى.

— قانچىلىغان يىگىتلەرنى سېنى ئىزدەشكە ئەۋەتتىم، ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ كۆزىمىز تۆت بولدى، ھازىرغىچە بىرەرىمۇ قايتمىدى.

— بىپايان چۆلدە تەمتىرەپ يۈرگەندۇ، يامان قىپسىز، مانا ئۆزۈم تېپىپ كەلدىمغۇ، — دېدى ئەلىشىر.

كارۋانلار كۆپ يول ئازابى تارتىپ، ئاخىرى ھىراتقا يېتىپ باردى ۋە ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى.

— يولۇڭلارغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرغانىدۇق، — دېدى بوۋاي غىياسىدىن بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

— ھىراتتا نېمە ۋەقەلەر بولدى، سۆزلەپ بېرىڭا، ئاتا، — دېدى غىياسىدىن كىچىك بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن تىزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— ھىرات بەزىدە ئوتتا كۆيدى، بەزىدە سۇدا ئاقتى. ئەتىلىككە ئۆزىڭىز ئايلىنىپ كۆرۈپ باقارسىز. ھىرات كۆيۈپ خارابىلىققا ئايلانىدى. شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن تەختنى قىزغىنىپ قىرغىنچىلىق قىلدى. خەلقنى رەھىمسىزلەرچە بۇلاپ - تالىدى.

غىياسىدىن كىچىك بوۋاينىڭ سۆزىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ گويا بۇ دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ھېس قىلىپ، ھەممە ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

— تەختتە بۈگۈن ئەلەۋۇددەۋلەنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرسىڭىز، ئەتىسى ئابدۇللەتىپنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز. تەختكە ھەممىسى ئاچ بۆرىدەك يېپىشىدۇ. تاجۇ - تەخت ماجىراسى خەلقنىڭ مادارىنى قۇرۇتتى. ئۇبۇلقاسىم بابۇر يۇرەكلىك، كەسكىن ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، جاھان ئەمدى ئوڭشىلىپ قالارمىكىن، غىياسىدىن بەگ.

غىياسىدىن كىچىك ئۇنىدىمىدى. ئۇ بېشىنى سىلىپ ئويغا چۆككەندى.

※ ※ ※

ئەلىشىر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا سومكىسىنى قوزۇققا ئىلىپ قويدى. ئانىسى ئەكېلىپ بەرگەن شورپىنى ئالدىراپ - تېنەپ ئىچىپلا تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بوۋاي قانداقتۇ مۇڭلۇق كۈيگە غىڭشىغىنىچە يۈگەننى ئوڭشىماقتا ئىدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق، بوۋا؟ — دەپ سورىدى ئەلىشىر.

— بۇ مەن ئۈچۈن ئەرمەك، شېئىردىم، — دېدى بوۋاي. ئۇ ھەر قېتىم بىگىز سانجىغاندا ئىنچىقلاپ، كۆينى ئۈزۈپ قوياتتى.

— بوۋا، باياتىن مەن مەكتەپتىن قايتىشىمدا پادىشاھ ئوبۇلقاسىم بابۇرغا ئۇچراپ قالدىم. ئېتى ئاجايىپ كۆركەم ئىكەن، دۇلدۇلغا ئوخشايدىكەن. بېشىدىن تۇيىقىغا قەدەر تىللا بىلەن بېزىتىپتۇ. پادىشاھنىڭ سەللىسىدىكى گۆھەر ۋاللىداپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

— ئېھەي... تايچىقىم، تىللا دېگەن پارقىراپ تۆگەيدۇ، سەن موللا بول، ئىلىمنىڭ كانىنى قازساڭ، ھامان بەختلىك بولىسەن.

ئەلىشىر بوۋايغا ئىلتىماس قىلدى:

— بوۋا، سىز ھىراتتىن تەۋرىمىدىڭىز، قانداق جەڭلەر بولدى، سۆزلەپ بېرىڭا، ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئەي بالام، — دېدى بوۋاي غەمكىن ھالدا، — بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئۆزئارا دۈشمەنلەشتى. شاھرۇھ يۇرتىنى تىنجىتقاندەك قىلغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغان ھامان بالىلىرى ئۇرۇش باشلىدى ئەمەسمۇ، ئەمىر تۆمۈر زامانىدا مەن بىر باتۇر يىگىت ئىدىم. ھىندىستاندىكى جەڭلەرگىمۇ قاتناشتىم. ھىندىلار پىل ئۈستىدە جەڭ قىلىدىكەن. تاغدەك يوغان پىللار دەھشەت ... ھەي بالام، كۆپ ئىشلارنى كۆردۈم، ئۆمرۈم خۇددى تاشقىن دەريادەك ئېقىپ كەتتى. بۈركۈتتەك پۇررىدە ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ يەنە يەرگە چۈشتۇق. كۆزۈمنى يۇمسام ئاشۇ ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ.

— سۆزلەڭ بوۋا، — دېدى ئەلشىر ھاياجانلىنىپ.

— ماقۇل، ئوغلۇم، قوزام... بىر تەرەپتە ئۇلۇغبېك سۇلتان بىلەن ئابدۇللەتىپ، بىر تەرەپتە ئەلەۋۇددەۋلە بىلەن ئۇنىڭ مومىسى گۆھەر شاد ئايىم سەپ تارتتى. ئىككى تەرەپ دەھشەتلىك جەڭ قىلدى. ئاخىرى ئۇلۇغبېك غالىب كەلدى. ئەلەۋۇددەۋلە مومىسىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇلۇغبېك ئابدۇللەتىپنى ھىراتقا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزى گۆھەرشاد مەدرىسىدىن ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە كەتتى. ئىككى ھەپتە ئۆتمەستىن ئوبۇلقاسىم بابۇر كېلىپ ھىراتنى بېسىۋالدى، ئابدۇللەتىپ يەنە چېكىندى. ئاڭلىشىمچە، ئۇلۇغبېك بىلەن ئابدۇللەتىپ ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت پەيدا بولغانمىش. شەيخلەر بىلەن شەيخۇلئىسلاملار ئابدۇللەتىپ تەرىپىدىمىش. ئۇلار ئۇلۇغبېك ھەزرەتنى دەھرى دەپ ئەيىبلەۋاتقانمىش. ئەستاغپۇرۇللا!...، — بوۋاي ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتمەستىنلا ئۇھ تارتىپ توختاپ قالدى.

ئەلشىر قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاستا كوچىغا چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى باللارغا قوشۇلۇپ ئويناشقا كۆڭلى تارتمىدى. كۆڭلىدە ھېسابسىز پىكىرلەر دولقۇنلايتتى. كۆزلىرىدە سىرلىق ھاياجان يالقۇنى نامايان بولاتتى، بەزىدە خىيالچان ھالدا ئولتۇرۇپ قالاتتى.

كېلەچەكنىڭ بۈيۈك شائىرى شۇ تاپتا كۆڭلىدە شېئىر مىسرالىرىنى تىزىۋاتاتتى...

1967 - يىل.

责任编辑：吐尔逊买买提
再娜甫·穆萨

责任校对：玛丽亚木

**艾力西尔纳瓦依的童年**（维吾尔文）

〔苏〕阿依别克著

买买提·夏尼亚孜　译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号　邮编：830002）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开本　3.5印张
1993年4月第1版　1993年4月第1次印刷
印数：1—1600

ISBN7—5371—1414—9/I·514　定价：1.50元

ISBN 7-5371-1414-9
باھاسى: 1.50 يۈەن I·514